

XINJIANG CIVILIZATION
XINJIANG CIVILIZATION



6
1994

# شنجاڭ مەدەنيتى

XINJIANG CIVILIZATION



ئىدىقۇت كېچىسى ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
43 - يىل نەشرى

قوش ئايلىق ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ژۇرنال
1994-يىل 6-سان (ئومۇمىي 211-سان)

# بوستاندا

## سەنئەت ئىسلاھاتى

سەنئىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا دەسلەپكى قاراشلىرىم ............ ماخمۇت مۇھەممەت 2

## ئەدەبىيات گۈللىرى

يۇلتۇزلۇق ئائىلىلەر . . . . . . . . . . (ھېكايە) . . . . . . . . . . ئابباس مۇنىياز 6
جەننەت شەرھىسى . . . . . . . . . . (باللادا) . . . . . . . . . . مۇھەممەتجان راشىدىن 15

## ئىجادىيەت ھەققىدە سۆھبەت

«تار كوچا» ھەققىدە پاراڭلار ............................ ئۆمەرجان ئىمىن 21

## تەكرار ئېكران

ئىستەك . . . . . . . . . . (كىنو سىنارىيىسى) . . . . . . . . . . زوردۇن سابىر 25

## سەھنە ئەسەرلىرى

قارا باسقان كېچە . . . . . . . . . . (دراما) . . . . . . . . . . ئەختەم ئۆمەر 59

## تەرجىمىلىك سەنئىتى

مەدەنىيەت ۋە مۇھەررىر ............................ تۇنسايىم ساۋۇت 73

## مەدەنىيەت - سەنئەت كېزىتى

ئىلمىي يىغىلىشلار ............................ ئەبەيدۇللا مەھمۇت، خۇدا بەردى ئابدۇللا 78

## ھايات ھەقىقەتلىرى

ھېكمەتلەر ............................ توپلىغۇچى: ھۈسەيىن ئىمىنھاجى 80

مۇقاۋىدا: توخۇ ئۇسسۇلى؛ مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: ساما. رەسىملەرنى ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان.
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)، ساتتار توختى
بۇ سانىنىڭ مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت، رىسالەت مۇھەممەت
رەسسام ۋە خەتتات: پەرھات ئىبراھىم (تەكلىپ قىلىنغان)
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىك رېداكتورى: قۇربان مامۇت




# سەنئەتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا دەسلەپكى قاراشلىرىم



**ماخمۇت مۇھەممەت**

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، سەنئەت گۈلزارىمىزدا رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلدى. مەيلى قەدىمكىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ مىللىيلىكىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا بولسۇن، مەيلى دەۋر تەرەققىياتىنى، رېتىمىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نومۇرلارنى ئىجاد قىلىشتا بولسۇن خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. سەنئەتنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى بويىچە چولپانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، سەھنە ۋە ئېكراندىن تارتىپ ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىگىچە ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئىگىلىمەكتە.

بىراق بۇ نەتىجىلەر بىلەن بىرگە، مىللىي



سەنئىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بويىچە ساغلام راۋاجلىنىشىغا پايدىسىز، ۋاقتىدا تۈزىتىلمىسە بولمايدىغان نۇقسانلار سەھنە - ئېكرانلىرىمىزدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلانماقتا. «سەنئىتى بولمىغان خەلق بىچارە خەلق»، لېكىن سەنئىتىدىكى ئىللەت، نۇقسانلارنى كۆرمىگەن، شۆكرى - قانائەت قىلىپ، مىللىي سەنئىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان غەلدى - غەشلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالمىغان خەلق تېخىمۇ بىچارە خەلق. شۇڭا سەنئىتىمىزنى تېخىمۇ نەپىسلىككە، رەڭدارلىققا، يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىمىز، مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلەندۈرىمىز دەيدىكەنمىز، چوڭ ئىللەتلەردىن تارتىپ كىچىك سەۋەنلىكلەرگىچە تەكشى نەزەر تاشلاپ، ئۇنىڭغا جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى سەنئەت گۈلزارىمىزدىن، بولۇپمۇ سەھنە ۋە ئېكرانلىرىمىزدىن سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك.

بىزدە ھازىر ھەر دەرىجىلىك نۇرغۇن سەنئەت ئۆمەكلىرى بار. ئۇلار ئىسلاھات دولقۇنىدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ غايىب بولۇپ يۈرمەكتە. ئەلۋەتتە بۇنىڭ خىلمۇ خىل ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلىرى بار. كۆپ ساندىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ كېلەڭسىزلىكى ۋە چارە - تەدبىر، تەربىيىلەش، ئىجاد قىلىش ئۇسۇلىنىڭ مۇكەممەل، سىستېمىلىق بولماسلىقى ئامىلىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىقتەك ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويماقتا، يەنە بىر تەرەپتىن، سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ئايرىم شەخسلەر ئۆز خاھىشىغا ئاساسەن باشقۇرىدىغان، ئۆزى خالىغان نەرسىلەرنى خەلققە سەنئەت، دەپ تاڭىدىغان، سەنئىتىمىزنىڭ ساپلىقى، مىللىيلىكى، نەپىسلىكىنى بۇزۇپ، سەنئەتنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئورنىغا داغ چۈشۈرىدىغان ئەھۋال باش كۆتۈرمەكتە.

**يېقىنقى يىللاردىن بېرى سەنئەت بېدىكلىرى، سەنئەت ھۆددىگەرلىرى پەيدا بولۇپ قالدى.** بەزى پالەچ ھالەتتىكى، ئىقتىدارسىز سەنئەت ئۆمەكلىرى ئاشۇنداق مەنىۋى سودىگەرلەرگە كۆتۈرە بېرىلمەكتە، ھەتتا ئويۇن قويۇشنى باشقۇرۇش ئورگانلىرىدىن بېرىلگەن كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئويۇن قويۇش تىجارەت كىنىشكىسى ئازغىنە نەپنى دەپ ئۆتۈنۈپ بېرىلمەكتە. خۇسۇسىيلار تەشكىللىگەن «سەنئەت ئۆمەكلىرى» بىر - ئىككى ئادەمنىڭ ئاددىي، يۈزە، ھەتتا ئانچە ساغلام بولمىغان ئىجادىيەتلىرىنى سەنئەت خۇمار خەلققە ھەر خىل ھىيلە - تەيرەڭ بىلەن تاڭماقتا. ئۇلارنىڭ ئېلانلىرى ئادەمنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدۇ، ئەمما سەھنىگە ئېلىپ چىققان نومۇرلىرى باشقا بىر دۇنيا. بۇنداق سەنئەت كېچىلىكلىرىدىكى بىر - ئىككى كوزۇر نومۇرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى نومۇرلار شۇنچىلىك ئاددىي، قوپال ۋە تەكرار. بەزى نومۇرلار ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە شاللاق ۋە چاكىنا.

**يەنە بىر ئىللەت شۇكى، ھازىر سەھنىلىرىمىزدە «مېيىپ ئارتىسلار» بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ.** ھەممىمىزگە مەلۇم بولغان «ئىلى مەشرىپى» ناملىق تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىمدە تۇرداخۇن بىلەن تۇراخۇننىڭ رېژىسسورنىڭ ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە سەھنىگە چىقىشى نورمال ۋە تەبىئىي بولغانىدى. ئەپسۇسكى، شۇنىڭدىن بۇيان مەيلى خۇسۇسىيلار تەشكىللىگەن سەنئەت كېچىلىكىدە بولسۇن، ئالاھىتەن مېيىپلارنى نە - نەلەردىن تېپىپ كېلىپ، سەھنىگە چىقىرىپ كۈلكە قوزغايدىغان، نومۇر ئورۇنداتقۇزىدىغان، ئۇلارنى دەسمايە قىلىپ پۇل تاپىدىغان، ئۆسمۈر ناخشىچى ئابدۇۋەلى ساتتار داڭق چىقارغاندىن كېيىن، ئانچە - مۇنچە ناخشا ئېيتالايدىغان، ساز چالالايدىغان كىچىك بالىلارنى سەھنىلەردە «بىزەك» قىلىدىغان ئەھۋال بارغانچە ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ. بالىلار ئۆزىگە لايىق ناخشىلارنى ئېيتماي، ئۇسسۇللارنى ئوينىماي يېشىغا ماس كەلمەيدىغان ئىشقى - مۇھەببەت ناخشىلىرىنى چىڭقىلىپ ئېيتىدىغان، داڭلىق ئۇسسۇل چولپانلىرى تەستە ئورۇندايدىغان ئۇسسۇللارنى ئوينايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. بالىلار ئۆز يېشىغا لايىق نومۇرلارنى ئورۇندىسا ئاندىن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. مېيىپلارنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالايدىغان سورۇنلاردا ماھارەت كۆرسىتىشى، ئۇلارنىڭ گىراژدانلىق ھوقۇقىدىن پايدىلانغىنى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سەنئەتكە ھەۋەس قىلىدىغان مېيىپلارنىڭ سەھنىلەردە سەنئەت ئىقتىدارىنى نامايەن قىلىشى قارشى ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن، ئىقتىسادىي نەپنى دەپ ئىنسانىي غۇرۇرنى، سەنئەت قانۇنىيىتىنى كۆزگە ئىلماي، سەھنىلەرنى مېيىپلار بىلەن توشقۇزۇۋېتىش نورمال ئەھۋال ئەمەس. «ئىلى مەشرىپى»گە قاتناشقان تۇراخۇن ئاكا سەھنىگە

چىقىشقا بەكمۇ تەستە رازى بولغان ۋە ئۆزى ئورۇندىماقچى بولغان ئېپىزوتتىكى «پاكار» دېگەن سۆزنى دېيىشنى قەتئىي رەت قىلغانىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مېيىپلارنىڭ جىسمانىي ئاجىزلىقىنى ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتى، تەقى - تۇرقى، قىياپىتى ئارقىلىق خەلققە نامايىش قىلغۇزۇش ئۇلارنىڭ ئىنسانىي غورۇرىنى، كىشىلىك قەدرىنى - قىممىتىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق. بۇنى ئاز دەپ ھازىر بەزى دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە سەنئەت سودىگەرلىرى ئۆتكۈزگەن سەنئەت كېچىلىكلىرىدە پۇلنى كۆپرەك تېپىش مەقسىتىدە بېجىرىم ئادەملەرمۇ مېيىپ سىياقىدا سەھنىگە چىقىرىلماقتا. كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ، سەھنە - ئېكرانلىرىمىزنى قاپلاپ كېتىۋاتقان بۇ خىل «مېيىپلار سەنئىتى» گە ۋاقتىدا خاتىمە بەرمىسەك، مەملىكەت ۋە دۇنياغا داڭلىق سەنئىتىمىزنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈپ قويىمىز.

**سەنئىتىمىزدە گەۋج ئېلىۋاتقان يەنە بىر ئېغىر نۇقسان - سەنئەتنىڭ نەپىسلىكتىن ئىبارەت تۈپ ئالاھىدىلىكىگە يات بولغان قوپاللىق، لاۋزىلىق.** نۆۋەتتە خەلق ئاممىسىنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجى تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك بولغان قىسقا، ئەمما كۈلكىلىك ئېپىزوتقا مايىل. شۇ سەۋەبتىن يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان تۈرلۈك سەنئەت كېچىلىكى، بەدىئىي فىلىملەردە ئېپىزوت، كۈلدۈرگە، سۆز ئويۇنى قاتارلىق يۇمۇرلارغا كەڭرەك ئورۇن بېرىلىدىغان بولدى. سەنئەتنىڭ بۇ تۈرلىرىگە بۇرۇن ئانچە ئېتىبار بېرىلمىگەچكە ئانچە تەرەققىي قىلمىغان، شۇ سەۋەبتىن بۇ يېڭى شەكىل دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتانلىقى ئۈچۈن كىشىلىنى ئانچە رازى قىلالمايدۇ. دېمىسىمۇ بۇ خىل شەكىلدىكى سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىش، ئورۇنداش ئاسان ئىش ئەمەس. شۇنداق سەۋەبلەردىن بولسا كېرەك، ھازىر سەھنىلىرىمىزدە قويۇلۇۋاتقان كۆپ ساندىكى ئېپىزوت، كۈلدۈرگىلەر يۈزە، تەكرار، قۇرۇق، ئەڭ مۇھىمى چاكىنا، قوپال ھەم لاۋزا. بۇنداق دېيىش ئارقىلىق بىخ ھالىتىدىكى سەنئەت شەكلىنى بۆشۈكىدە ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش مەقسىتىدە ئەمەسمەن. سەنئىتىمىزنىڭ رەڭگارەڭ، مول مەزمۇنلۇق، خەلقنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىدىن ھەقىقىي چىقالايدىغان بولغىنى ياخشى. كىشىلەرگە بەدىئىي زوق بېغىشلىيالايدىغان، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور، ئورۇنداش ماھارىتى جەھەتتە تەبىئىي بىر تۈركۈم ئېپىزوتلار مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ، شۇنداق نومۇرلارنى كۆپلەپ ئىجاد قىلساق خەلق قوبۇل قىلىدۇ، چىن دىلىدىن ئالقىشلايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرغۇدەك لاۋزا، قوپال، چاكىنا، سۈنئىي بىر تۈركۈم ئېپىزوت ۋە كۈلدۈرگىلەر مەيدانغا كەلدى. بۇنداق نومۇرلار سەھنە - ئېكرانلىرىمىزنى قاپلاپ كەتتى. شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن تاماشىبىنلارنى كۈلدۈرەلمەيدىغان بۇنداق نومۇرلاردىكى گەۋدىلىك ئىللەت سەنئەتكە يات بولغان قوپاللىق. چوپچوڭلا ئاياللار سەھنىگە چىقىۋېلىپ ئۆز يېشىغا مۇناسىپ بولمىغان لاۋزا گەپلەرنى قىلىپ غىلجىڭلاپ يۈرسە، ئۆزلىرىمۇ، ياراتقان ئوبرازىمۇ مويسىپىت بولغان ئەر - ئاياللار تاماشىبىننىڭ كۆزىچە خالىي يەردە قىلىشىدىغان گەپلەرنى، قىلىقلارنى قىلىشسا، سۆيگەن قىزى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان يىگىتنىڭ سەھنىدە ئىشتىنى سىيرىلىپ كەتسە، 29 ياشلىق «سەبىي» نىڭ ساقىسىنى «ئانىسى» ئەركىلەتسە ... شۇ ئارقىلىق تاماشىبىننى كۈلدۈرىمەن دېسە، بۇنىڭ نەرى سەنئەت؟ بۇنىڭ نەرىدە نەپىسلىك بولسۇن؟ خەلقىمىزنىڭ مىللىي پىسخىكىسى ئىنتايىن زىل ۋە ئۆزگىچە. بىزدە چوڭلار بىلەن كىچىكلەرنىڭ، ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلارنىڭ سورۇنى، گېپى ئايرىم بولىدۇ. بىر ئائىلىلىك ئادەم بىر يەرگە جەم بولۇپ خاتىرجەم تېلېۋىزور كۆرەلمەيدىغان بۈگۈنكى كۈندە سەھنىلىرىمىزنى مۇنداق چاكىنا مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ بارغانچە قاپلاپ كېتىشىگە مېنىڭچە داۋاملىق يول قويغىلى بولمىسا كېرەك.

**دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ شۇكى، بىزدە ھازىر ئېپىزوت، كۈلدۈرگە، ئەلنەغمە، مەدداھلىق، ئېيتىشىش، گاچانومۇر، لەتىپە، يۇمۇر، قاپىيىلىك سۆز ئويۇنى قاتارلىقلارنى پەرقلەندۈرمەي ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەيدىغان ئەھۋال ساقلانماقتا.** بەزىدە درامىنىڭ بىرەر پەردىسىنى ئېپىزوت، دەپ ئورۇنداۋاتىمىز. مېنىڭچە ئېپىزوتتا مۇستەقىل قۇرۇلما، ئايرىم بىر ۋەقەلىك، يۇمۇرلۇق، گۈزەل تىل بولۇشى كېرەك. ئېپىزوت ئىجادىيىتىدە ئاپتور بىلەن ئارتىس ئوخشاشلا مۇھىم، ھەتتا ماھىر ئارتىسنىڭ سالمىقى ئاپتوردىنمۇ كۈچلۈك. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كۆرسىتىۋاتقان ۋە قازاقىستان ئۇيغۇر دراما ئۆمىكى ئارتىسلىرى ئورۇندىغان بىر مۇنچە نادىر ئېپىزوتلار سۆزىمىزنى دەلىللەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت يەنە ناخشىچىلىقىمىزدىمۇ خېلى ئېغىر ئىللەتلەر ساقلانماقتا ۋە بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا. مېنىڭچە، **ھازىر بارلىققا كېلىۋاتقان ناخشىلاردا ئۈچ خىل ئىللەت مەۋجۇت.**

ھەربىنچىسى، شالغۇت ناخشىلار كۆپ. ياشلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن، بەزىدە سەھنىلەردە، تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا پەيدا بولۇپ قالىدىغان ناخشىلار ئارىسىدا ئۇيغۇر ناخشىلىرىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان ھەر تۈركۈم ناخشىلار بار. بۇناخشىلار سۆزىنىڭ چۈشىنىكسىزلىكى، شېئىرىيەت قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقى؛ ئاھاڭىنىڭ غەلىتىلىكى، ياساملىقى؛ ئورۇندىلىشىنىڭ ئېتىقسىزلىقى بىلەن تاماشىبىنلارنى بىزار قىلىدۇ، مەيۈسلەندۈرىدۇ، گويىغا سالىدۇ. توغرا، ھازىر ئىسلاھات دەۋرى. يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ ئىسلاھات دەۋرىدە ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەدەنىيىتىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىشىمىزنى تەكىتلىگەن. لېكىن ھەر قانداق بىر مىللەت قوبۇل قىلىش ئاساسىدا مىللىيلىكىنى ساقلىيالىغان، ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلالىغاندىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، دۇنياغا تونۇلالايدۇ. سەنئەت ئېخىمۇ شۇنداق. بۇلبۇل قىزىلگۈل ئىشقىدا سايرىغانلىقى بىلەن بۇلبۇل . قاراغۇچا بۇلبۇلنى ۋە باشقا قۇشنى دوراپ سايرىغىنى بىلەن، ئۇ بۇلبۇل ياكى باشقا قۇش بولالمايدۇ. **ئىككىنچىسى، چۈشكۈن ناخشىلار كۆپىيىپ كەتتى.** سەنئەت - روھىي ئوزۇق. سەنئىتىمىز، جۈملىدىن ناخشىلىرىمىز خەلقىمىزنى، ياش ئەۋلادلارنى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولىدا مەردانىلىققا، ئۈمىدۋارلىققا ئۈندەشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، يىغلاڭغۇ ناخشىلار، دەردمەن ناخشىچىلار كۆپىيىپ، ھەتتا شۇلار بازار تاپىدىغان غەيرىي نورمال ئەھۋال بارلىققا كېلىپ قالدى. «ئادەمنىڭ روھى چۈشسە، ئۇنىڭ ئېتىمۇ چاپالمايدۇ» دېگەن گەپ بار. ھەدېسىلا «ھەسرەت»، «تەقدىر»، «قانداق قىلاي جانانىم»، «ئۆلەر بولدۇم»، «ئانا مېھرى نەدىدۇر»، «مەن سەۋدايى بولۇپ قاپتىمەن» دېگەندەك ناخشىلار قۇلاق - مېڭىنى يەۋەرسە، مىللىي تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشتىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولار؟ ياشلىرىمىز ۋە ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ ساغلام، ئەقىللىق، غايىلىق ئۆسۈپ يېتىلىشىدىن، ۋەتەنگە، خەلققە يارامىلىق قۇرغۇچىلاردىن بولۇپ يېتىلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولارمۇ؟ **ئۈچىنچىسى، ناخشىچىلىقىمىزدا كۆچۈرمىچىلىك ئەدەپ، مەنىسىز مەھسۇلاتلار كۆپىيىپ، سەنئەت قانۇنىيىتى، ئەدەبىي ئىجادىيەت پرىنسىپىغا ماس كەلمەيدىغان يەڭگىل، تۇتۇرۇقسىز تەقلىدىي ناخشىلار «چاپ - چاپ بازارنىڭ گۈلى» بولۇپ ئۆنۈپ چىقماقتا.** بۇنداق ناخشىلارنى «ئىجاد قىلىپ» تارقىتىۋاتقانلار بىر نەچچە بولسا، قارىغۇلارچە ئەگىشىپ، ئۆگىنىپ، كۆچۈرۈپ تارقىتىۋاتقان، ئېيتىۋاتقانلار نەچچە مىڭ. بەزى ئاھاڭ ئىشلىگۈچىلەر باشقىلارنىڭ ئاھاڭىنى سەل - پەل ئۆزگەرتىپلا «يېڭى ناخشا» ئىجاد قىلىۋاتىدۇ. بەزىلىرى بولسا تېخى ئىزاتارتماستىن ئۆزىدىن ئۆزى كۆچۈرۈۋاتىدۇ. «ناخشا بىر قۇش، ئاھاڭ ۋە تېكىست ئۇنىڭ جۈپ قانىتى» (ئىساكوۋسكىي) . تاق قاناتلىق قۇش ئۇچالمايدۇ، بىر قانىتى ئاجىز قۇش كۆكتە پەرۋاز قىلالمايدۇ. بەزى مەلۇماتى تۆۋەن ئاھاڭ ئىجادىيەتچىلىرى شائىرلىقنى ئاسان چاغلاپ، ھەم شائىر، ھەم كومپوزىتور بولۇش شېرىن خىيالىدا ناباب تېكىستلەرنى يېزىپ، ئاھاڭ ئىشلەپ، ناخشىچىلىقىمىزنىڭ سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەكتە. نەتىجىدە «ئاسما ئوكۇلمۇ كار قىلالماس چاقىدەك، بولدى قىل دوستۇم ئۆزۈڭنى ماختىما»، «سوكسوك ئاتنى يۈگۈرۈك دەيدۇ ئات مىنمىگەنلەر» دېگەندەك ناخشىلار ئاشخانا، دۇكانلاردا ياڭرايدىغان بولۇپ قالدى. كىشىنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمەيدىغىنى شۇكى، بەزى ئاھاڭ ئىشلىگۈچىلەر ۋە ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئىشلىگۈچىلەر ئاپتورلارنىڭ ھوقۇقىنى قىلچە كۆزگە ئىلماي تېكىستلەرنى، ماۋزۇلارنى ساۋاتسىزلارچە ئۆزگەرتىپ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلماقتا. شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ «بۇ دۇنيا» ناملىق تېكىستى ھەققىدە بىلدۈرگەن ئېتىرازى ھەقىقەتەن يوللۇق.

يۇقىرىقىلار سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان، ھەممىمىز ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈپ تۈزىتىشكە كۈچ چىقارمىساق بولمايدىغان ئىللەتلەر. سەنئىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بىر تالاي ئىللەتلەر، يېتەرسىزلىكلەر توغرىسىدا سەنئەت ئەھلىلىرىمىز، سەنئەتنىڭ نېمىنى يەپ كېلىۋاتقان كەسپداشلىرىمىز ئىپادە بىلدۈرمەي جىم تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئايرىملىرى ھەتتا شۇ ناباب خاھىشلارغا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئەگىشىۋاتىدۇ ۋە ئىشتىراك قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس.

خەلقنىڭ دىلبىرى سەنئەت،
خەلق سەنئەتنى خالايدۇ . . .

شۇنداق، خەلقىمىز ساپ، نەپىس، جۇشقۇن سەنئەتنى خالايدۇ. بىز سەنئەتتىن ئىبارەت خەلقنىڭ بۇ «دىلبىرى» نى يۈرەك قېنىمىز، چىن ئىجتىھاتىمىز بىلەن پەرۋىش قىلىپ، كامالەتكە يەتكۈزەيلى. جاۋاھىر سەنئىتىمىز جۇڭخۇا سەھنىسىدە، دۇنيا سەھنىسىدە مەڭگۈ جۇلا قىلسۇن!

www.uyghurkitap.com






(ھېكايە)

## ئابباس مۇنىياز

1

يېزا خىزمىتى گۇرۇپپىسىنى باشلاپ مېڭىش نۆۋىتىنىڭ ماڭا كەلگەنلىكى ئۇقتۇرۇلدى. بۇ خىزمەتنىڭ مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ، ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم. راستىنى دېگەندە ئۆزۈممۇ شۇنداق پۇرسەتنى كۈتۈپ يۈرەتتىم.

بىز بۇ قېتىم قوشتوغراق يېزىسىغا باراتتۇق. يېقىندىن بۇيان ئىلغارلىقتا نامى چىقىشقا باشلىغان بۇ يېزا «10 يۇلتۇزلۇق ئائىلە» لەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ سىناق نۇقتىسى قىلىنغانىدى.

بۇ يىل، مۇشۇ خىزمەت باشلانغانلىقىنىڭ ئۈچىنچى يىلى، يەنى سىناق ۋاقتى ئاخىرلاشقان يىلى ئىدى. مۇشۇ نۆۋەتلىك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئوڭۇشلۇق بولسىلا، بۇ پائالىيەت ئومۇميۈزلۈك خۇلاسە قىلىنىپ، پۈتۈن ناھىيىگە كېڭەيتىلەتتى.

ئىلگىرىكى ئىككى يىلدا، بۇ يېزىنىڭ سىناق ئوبيېكتى قىلىنغان ئىككى ئائىلە گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچىلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «10 يۇلتۇزلۇق ئائىلە» شەرتىنى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھازىرلىدى، ھازىرلاپ بولدى! تەكشۈرگۈچىلەر يەنە، بۇ يېزىنىڭ خىزمەتلەرنى تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ ئاشۇرۇپ ئىشلىگەنلىكىنى، ماددىي ۋە مەنىۋى

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى مەزمۇن قىلغان بۇ پائالىيەتنى پۈتۈن ئائىلىلەرگىچە ئۈزلۈكسىز ئومۇملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، ھەممە كىشىنىڭ باپباراۋەر بېيىش يولىغا قەدەم قويۇۋاتقانلىقىنى، مۇشۇ تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ، ناھىيە مىقياسىدا كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇلىدىغانلا بولسا، ناھىيىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە تونۇلۇپ كېتىشىگە ھۆددە قىلىدىغانلىقىنى، بۇ پائالىيەت ناھىيىمىزنىڭ «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم تۆھپىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي، ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىشتى. ھەتتا بۇ تەجرىبە ئۇنۇمىنى جەننەت سۈپىتىگە ئۇلاشتۇرغانلارمۇ بولدى. ھەممىدىن بەك تەرىپلىگىنى، يېزا خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم گايىت ئىدى. ئۇنىڭ دوكلاتىغا ئىشەنمەي مۇمكىنمۇ؟

ئىلگىرى مەن قوشتوغراق يېزىسىغا بىر قانچە قېتىم بارغانىدىم. ئۇ يەر بەئەينى بىر ئىپتىدائىي سەھرا بولۇپ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللىرىدا يېپىشقاق توپا ئاقىدىغان. مەھەللە ئىچىنىڭ ۋەيرانلىقىنى دېمەيسەن تېخى: دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرسەڭ ئىچىڭ سىيرىلىدۇ، ھويلا تېمى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بىرەر ئائىلىنى تاپقىلى بولمايدۇ، ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك سۇۋاقسىز چالما تامدا ياكى جىگدە شېخىدا توسۇپ قويۇلغان. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ ھويلىسىدىن زىيادە ھۇۋۇلداپ بوران ئۇچۇپ تۇرىدۇ. كاتەكتەك بىر ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ ئىس يېنىپ تۇرغان ئۆتمىتۆشۈك كېگىدا بەش - ئالتە بالىسى بىلەن قوشۇلۇپ چوڭلار ياتىدىغان، بىر بۇلۇڭىغا نورمىلىق ئاشلىقىنى دۆۋىلىسە، يەنە بىر بۇلۇڭىغا ئوغلاق - پاقلانلارنى باغلايدىغان... ئىش قىلىپ ھارامدىن باشقا ھەممە جان توپا - چىلە ئۆرلەپ تۇرىدىغان ئاشۇ بىرلا ئۆيدە ياشايدىغان ئەھۋال قەدەمدە بىر كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. كەيگىنىنىڭ تولىمۇ كونا، يىرتىق بولغىنىنى ئاز دەپ، سىڭا پاي مايماق كەشى بىلەن ئىشتان - چاپىنىنىڭ بىر پۇشقاق ياكى يېڭى يوق ھالەتتە ۋە ھەتتا بەزىسى ئانىسىدىن تۇغما پېتىچە ئوچاقنىڭ كۈلۈڭلىرىدا، دۆمچەك تاملارنىڭ بۇلۇڭلىرىدا دۈگدىيىپ - دۈگچىيىپ يۈرۈۋاتقان توپا چىراي بالىلارنى كۆرۈپ چىدىماق تېخىمۇ تەس... يەل - يېمىش، سەي - كۆكتات دېگەنلەرمۇ بۇ يەردە پاخلان گۆشىدەك ئەتىۋار.

. مانا بۇ - قوشتوغراق! يېقىندىن بۇيان ھەممە ماختاپ كەلگەن قوشتوغراق ئەنە شۇنداق يېزا ئىدى. لېكىن بۇ يېزا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ناھىيىمىزنىڭ بايراقدارى بولۇپ قالدى. خەير، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىغۇ بىر ئامالىلار بىلەن شەرتكە يېقىنلاشسۇن، ماددىي مەدەنىيەتتىچۇ؟ ئۇنى گەپ بىلەن، لوزۇنكا - شوئارلار بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولامدۇ؟ بۇ يەرنى تىنماي ماختاپ يۈرگەن گايىت ھاكىم شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەككى، ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش دېگەنلىك - بايلىق بەرپا قىلىش - پۇل تېپىش، يەيدىغان - ئىچىدىغان، كىيىدىغان نەرسىلەرگە ئىگە بولۇش دېگەنلىك. «10 يۇلتۇزلۇق» بولۇشنىڭ بىرىنچى شەرتىمۇ شۇ ئەمەسمۇ؟ قوشتوغراق يېزىسىدا مۇشۇنداق ئاھالە گۇرۇپپىسىدىن ئىككىسى بارلىققا كەلدى، دېسە... ئۇلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ·راستىنلا شۇ شەرتلەرنى ھازىرلاپ نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزورلار ئومۇملاشقان بولسا، ئۇلاردا قانداق مۆجىزىلىك كارامەتلەر، قانداق دانا رەھبەرلىك سەنئىتى باركىن - تاڭ؟...

پىكاپتا ئولتۇرۇپ شۇلارنى ئويلاپ كەتتىم. بېرىپ - بېرىپ ئۇ يېزىغا بولغان تونۇشۇم بەك يۈزەكىمۇ - يا، دېگەن يەرگىمۇ كېپقالاتتىم. ئەمما نېملا دېگەن بىلەن كۆرۈش كېرەكتە! مۇشۇ توغرىدا گايىت ھاكىم بىلەن تالىشىپ قالغاندىن كېيىن، قوشتوغراقنى بىۋاسىتە تەكشۈرۈش پۇرسىتىنىڭ ماڭا كېلىپ قېلىشىنى تەمە بىلەن زارىقىپ كۈتكەنىدىم، مانا ئەمدى... قېنى، ئەمەلىيەت قانداق بولاركىن!

مەن قوشتوغراقنىڭ ئىلگىرىكىلەر تەرىپلەپ كەلگەندەك بولۇشىغا ئىشەنگىم كەلمەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ خىزمىتىدىن سەۋەنلىك ئىزدىگىم كېلەتتى. ئۇلار خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، قولىنىڭ ئۇچىدىلا تەكشۈرگەن، بىخۇدلۇق قىلغان، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكمىگەن، ئالدىراپ - سالدىراپ خۇلاسە چىقارغان، دەپ ئويلايتتىم. مۇشۇ پىكىرنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ماشىنا دېرىزىسىدىن كۆرۈنگەن ھەممە نەرسە ماڭا سۇنئىيدەك تۇيۇلاتتى. شېغىل ياتقۇزۇلغان يولمۇ، ئىككى ياقتىكى باراقسان سۆگەتلەرمۇ، ھەتتا يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرۇۋاتقان بولۇق زىرائەتلەرمۇ

يالغاندەك، تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈنلا شۇنداق تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. «كۆرىمىزغۇ، بۇ يىل ئىش باشقىچە بولىدۇ. 10 مەزمۇن بويىچە ھەممىنى قايتا - قايتا زىيىنلاپ تەكشۈرىمىز! ئەمدى ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىنى، خىزمەت ئىشلەشنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىر كۆرسىتىپ قويىمسام» دېدىم مەن شۇپۇر ئاڭلىغۇدەك غۇدۇڭشۇپ.

2

يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا ھەيران قالدىم. يېزا رەھبەرلىرىدىن تارتىپ كادىرلارغىچە دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىزنى قارشى ئېلىپ تۇرۇپتۇ. دەرۋازا ئۈستىگە ئالاھىدە لوزۇنكا ئېسىلىپ، تاملارنىڭ كۆزگە چېلىققۇدەك يەرلىرىگە شوئارلار چاپلىنىپتۇ. خىزمىتىمىزنىڭ ساغلام بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۈگۈن كېلىدىغانلىقىمىزنى ئۇلارغا ئۇقتۇرمىغانتۇق. بۇنى ئۇلار قانداق بىلىۋالدىكىن؟ بىراق ئۇلارنىڭ ئالدىمىزغا چىققىنى، شەخسەن ماڭا يامان تەسىر بەرمىدى، ئەكسىچە كۆڭلۈم ئىختىيارسىز سۆيۈنۈپ قالدى. بۇ بەلكىم ئازدۇر - كۆپتۇر يول يۈرۈپ كەلگەن ئادەم «ھارمىغايسىز» دەپ ئالدىغا چىققان كىشىنى ئەڭ يېقىنى ھېس قىلغىنىدەك بىر ئىشتۇ.

ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى ناھايىتى سىلىق ئىدى، ئەلۋەتتە بۇنى چۈشىنىشكە بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ياغلىما گەپلەر ئارقىلىق ئىشنىڭ بىسمىللاسىدىلا بىزنى يەپ - ئىچىشكە تەكلىپ قىلىشى سەپرايىمنى ئۆرلەتتى. مەن گايەت ھاكىمنىڭ بىر ئاجىزلىقىنى سېزىۋالغاندەك بولدۇم. كەسكىن تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق، ئۇ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكنى ئۆتكۈزمەسلىك قارارىغا كەلدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم يىغىن ئېچىش زۆرۈر ئىدى.

يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يىغىن زالىغا كىرىپلا «10 يۇلتۇزلۇق ئائىلىلەرنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى» دېگەن خەت يېزىلغان سۇترەڭ تاختايغا كۆزۈم چۈشتى. خەت ھەقىقەتەن كۆركەم يېزىلغان بولۇپ، داۋامىدا ئادەمنىڭ ئىختىيارسىز ئوقۇۋالغۇسى كېلەتتى: «... كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغان بولۇش، مۇھىت تازىلىقىغا ئەھمىيەت بەرگەن بولۇش، قانۇن - تۈزۈملەرگە رىئايە قىلغان بولۇش، ھەممە كىشى مەدەنىيەت ئۆگىنىپ مائارىپ ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرگەن بولۇش...» بۇنىڭدىن خېلىلا مەمنۇن بولغان بولساممۇ ئېغىزىمدىن چىقارمىدىم.

مېڭىشتىن بۇرۇن تەكرار دېيىلىپ بولغان نۇقتىلارنىمۇ يېزا رەھبەرلىرى قاتناشقان بۇ يىغىندا قايتا - قايتا ئەسكەرتتىم. بولۇپمۇ خىزمەت ئىستىلى، پاكلىق، ئىنتىزام... ھەققىدە ئالاھىدە توختالدىم. يېزا رەھبەرلىرىمۇ بۇنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

3

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا خىزمىتىمىزنى باشلىۋەتتۇق. بىز ناھىيە ئۈچۈن قوشتوغراقنى سىناق نۇقتىسى قىلغىنىمىزغا ئوخشاشلا، بۇ يېزىمۇ ئۈچ گۇرۇپپىلىق بىر كەنتنى سىناق نۇقتىسى قىلغانىكەن. بۇ يىل ئاخىرقى بىر ئائىلە گۇرۇپپىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدىغانلىقىمىز ماڭىمۇ ئايان ئىدى. بۇ، مۇشۇ كەنتنىڭ ئۈچىنچى ئائىلە گۇرۇپپىسى ئىكەنلىكىنى بىزگە ھەمراھ بولۇپ يۈرگەن يېزا باشلىقىدىن ئاڭلىدىم.

خىزمىتىمىز ئىككىنچى كۈنىگە قەدەم قويدى. ئالدىنقى كۈنى بەلگىلەنگەن تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش ئۆلچىمى بويىچە ناھايىتى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولساقمۇ، بىزنى قانائەتلەندۈرەلمىگۈدەك ھېچنەرسە سېزىلمىدى، بەلكى باھالاش كاتەكچىلىرىگە ئۇن - تىنسىز ھالدا تولۇق نومۇر قويۇشقا مەجبۇر بولدۇق. ياخشى ئىشنى تالاي كۆزلەرنىڭ ئالدىدىلا قەستەن يامانغا ئىتتىرىش مۇمكىن ئەمەستە. ئەنە ھەممەيلەن كۆرۈپ ماڭدى: ئەترەتنىڭ بۇرۇنقى توپا يوللىرى ئوڭشىلىپ شېغىل ياتقۇزۇلۇپتۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە يېڭىدىن كۆچەتلەر سېلىنىپتۇ. دېھقانلارنىڭ كېسەك ئۆيلىرى ھويلا تاملىرىغىچە ئاپئاق ئاقارتىلغان. ئاددىي بولسىمۇ ئەمما بىر خىلدا سىرلانغان ئىشىك - دېرىزىلەر ئاپئاق ئۆيلەر ئارىسىدا ئۆز كۆركىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئىشىك ئالدىغا رەڭگارەڭ گۈللەر تەشتەك - تەشتەكلەپ تىزىۋېتىلگەن. ھەممە ئۆيلەرنىڭ يول تەرەپتىكى تاملىرىغا «10 يۇلتۇز» نىڭ قىسمەن ماددىلىرى ۋە «بەر باشقۇرۇش قانۇنى»، «ئوتلاق قانۇنى»... قاتارلىق يېزا ئىگىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنىڭ مۇھىم جۈملىلىرى يېزىلغان. مەھەللىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشتۇرۇلغان

ئېگىز موما ياغاچتىكى يوغان بىر جۈپ كانايىنىڭ بولۇشىغا قويۇۋېتىلگەنلىكى پەتمىگەندەك، بەزى ئۆيلەردىن ئۇنئالغۇنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى... ئايىماي، بۇ مەھەللە ھەقىقىي گۈزەل مۇھىت، باياشات تۇرمۇش، مەدەنىي ھاياتقا يۇزلىنىپتۇ. مەن بىردىنلا غايىت ھاكىمنى ئەسلەپ قالدىم: ئۇ تەكشۈرگەن ئەترەتمۇ مۇشۇنداق بولغىيمىدى؟ ئىلگىرى مەن بۇ يەردە كۆرگەن سوغۇق، يېقىمسىز، غېرىبانە ھويلا - ئاراملار؛ قاپقارا ۋە قۇشقاچ ئۇۋىلاپ كەتكەن تام - تورۇسلار؛ قەدەم يۆتكەپ بولغۇچە قويۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان پاسكىنا ھەم توپا يوللار ئۆزگەرگەن، تامامەن غايىب بولغانىدى.

تاشقى جەھەتتىن تەكشۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇ- رۇپ تەكشۈرۈشلەردە، مەھەللە نامىدىن بېرىلگەن چوڭ - كىچىك زىياپەتلەرنى كەسكىن رەت قىلغانىدۇق. مانا ئەمدى كونكرېتنى ۋە شەخسىيلەر بويىچە تەكشۈرۈش باشلىنىۋىدى، دېھقانلارنىڭ تۈگىمەس مېھماندوستلۇقىغا دۇچ كەلدۇق.

بىز نۇرغۇن ئائىلىلەرنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈش داۋامىدا ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى ئىچكەندىن باشقا ھېچنېمىسىگە ئېغىز تەگكۈزمىدۇق ۋە ئاخىرىغىچە شۇنداقمۇ بولار ئىدى. لېكىن بۈگۈن بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى بىزنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى.

- ماقۇل دېسىلە، راخمان جۇرىن. ئۇنداق قىلماي جىندەك ئولتۇرۇپ بەرسىلە... - ساقىلىغا ئاق كىرگەن، ئوتتۇرا بوي، قارامۇتۇق بۇ دېھقان ھايا تالاي قېتىم دېگەن گېپىنى يەنە تەكرارلىدى، - سەھرانىڭ خوتۇن خەقلىرىغۇ چوڭ رەھبەرگە يارىغۇدەك غىزا ئېتەلمەيدۇ، شۇنداق بولسىمۇ، ئېغىز تېگىپلا قويۇشقان بولسىلا، يېڭىباشتىن بىر ياشقا كىرگەندەك خۇش بولاتتىم. بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە، راخمان جۇرىن...

- ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، بىزگە تېگىل بولدى، ئاكا، - دېدىم مەن ئۇنىڭ ھويلىدىن چىقىشقا توسقۇنلۇق قىلىپ بىلىكىمگە ئېسىلغان قولىنى مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ، - بالىلىرى يېسىمۇ بىز يېگەنگە ئوخشاش. ئەنە، سىلە دەملىگەن چايدىن قانغۇچە ئىچتۇق، شۇمۇ ھېساب.

- تۇۋا دېسىلە ھاي، راخمان جۇرىن. سەھرالىق دەپ ئۇنچە كەمسىندۈرۈپمۇ كەتمىسىلە بىزنى، قارا قورساق بولساقمۇ كۆزىمىز ئادەم تونۇيدۇ. كىمگە تۈز بېرىشنى بىلىمىز. چاي دېگەن تۈزغا ھېساب ئەمەس. تۈزۈمگا ئېغىز تەگمەي چىقىشسىلا، سىلىدىن راسمانى خاپا بولۇپ قالىمەن جۇمۇ راخمان جۇرىن. سىلىنى تۆگە ئۆلتۈرۈپمۇ چىللاپ ئەكەلگىلى بولمايدۇ بۇ يەرگە. سىلىدەك رەھبەرلىرىمىز بولغاچقا، مۇشۇنچىلىك ھاللىنىپ قالدۇق. بۇلارنى كۆرۈپلا چىقىپ كەتمەي تېتىپمۇ باقسىلا مۇنداق...

ئىشخانىمىزنىڭ پېشقەدەم خادىمى، ئەزەلدىن كىشىنىڭ ئىش - سۆزىنى تەتۈرگە تولغاشقا ئامراق داۋۇتكام بولسا ھەدەپ ماڭا: «بۇ يەرگە تىنچ كەلدۇق، تىنچ كېتەيلى، ئۇكام» دېگەندەك مەنىدە كۆزى بىلەن سىرتىبى ئىشارەت قىلاتتى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. گورۇپپا ئەزالىرىغا جىمجىت قاراپ تۇرۇپ كەتكىنىمنى كۆرگەن بۇ دېھقان تېخىمۇ يېپىشىۋالدى:

- ئۇلار سىلىنىڭ ئېغىزلىرىغا قارايدۇ، راخمان جۇرىن. ياق بولمايدۇ، پارا يېگۈزىۋاتىمدۇ، دەپ ئويلاپ قالىلمۇيە؟ قورقمىسىلا، كۆپكۆندۈزدە قورساققا يېگەن نەرسە پارىغا ھېساب ئەمەس. سىلىگە دەرد ئېيتىپ باشلىرىنى ئاغرىتىدىغان ئىشىممۇ يوق. ئۆيۈم، ھويلا - ئاراملىرىمنى تولۇق كۆرۈپ بوللا. قوتاندىكى قوي - قوزىلار، سېمىز - ئۆكۈزلەر، ئۆچكە - ئوغلاقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ. ئۆيدىكى ۋەجلەرنىمۇ كۆرلە، ەسىلە تەكشۈرىدىغان مەزمۇنغا دوكەلىسە «بولىدىكەن» دەرلا، قاچان بولمىغۇدەك يېرى بولسا، بىز دېگەن پۇقرا، گەپنىڭ ئاشكارىسىنى يۈزۈمگىلا دەۋەرسىلە. مال - چارۋىلىرى ئازكەن، دەملا، ئۆي - ۋارانلىرى كونىكەن، دەملا... ئۇنداق بولمىسە- زە، مەن خۇش بولاي، جىندەك ئولتۇرۇپ بەرسىلە. مۇشۇ ساقىلىم بىلەن دېگەن گېپىمنى ئىلىك ئالمىسىلا، چوڭ رەھبەرلىرىمىز ئېغىزىدا دېگەن بىلەن دىلىدىن دېھقان خەقنى ياراتمايدىكەن، پەس كۆرىدىكەن، دەپ قالىمەن.

بۇ گەپلەرگە ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى. ئۇنى ئاڭلىماسلىققا سېلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئەدەبسىزلىك بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا باشلىقىمۇ ئېغىر - بېسىق، يوغان چېقىر كۆزلىرى بىلەن مېنى كۆندۈرۈشكە تىرىشىۋاتاتتى. ئالدىدا تەكشۈرۈپ بولۇنغان ئائىلىلەرگە ئوخشاشلا، بۇمۇ توقلۇزى تەل، مەدەنىيەتلىك ئائىلە ئىدى. يوغان، پاكىز ھويلىدىكى ئەپچىلگىنە باراڭغا ئېلىنغان ئۈزۈم

تاللىرى، ئۇنىڭ ئاستىدىكى تۈت چاسا گۇللۇكتە باغجانلاپ ئېچىلغان گۇللەر، ئالدى مېھراب شەكلىدە ياسالغان كارىدورلۇق پېشايۋان. . . بۇ ئۆينى ئاجايىپ كۆركەم، يېقىــــملىــــق تۇسكە كىرگۈزگەن. ھويلىنىڭ باغ تەرەپتىكى ئىشىكى ئۇلۇغ ئوچۇق بولۇپ، پاكار شاخلاردىكى بۇلۇق ئالما، شاپتۇل، نەشپۈتلەر. . . ماراپ تۇراتتى. باغقا ياندىش سىلىنغان قوتاندا قىن قىنىغا پاتمىغان قوي - قوزىلار بەس - بەستە مەرىشەتتى؛ ئاتلار كىشنەپ، كالىلار مۆرەيتتى. . .

بىزنى ھاياجانغا سالغان بۇ ئۆينىڭ ئۇنئالغۇ، تېلېۋىزور، زىلچا - گىلەم. . . دېگەنلىرىمۇ جاي - جايىنى تاپقانىدى. ئاۋات - پاكىزلىقتا دەمسىز ۋە ياكى بايلىق - ئىلغارلىقتا دەمسىز. . . قىسقىسى، «10 يۇلتۇزلۇق ئائىلە» نىڭ شەرتىگە بۇ ئائىلىدىن تولۇق جاۋاب تېپىلاتتى. بۇنداق ئۆيدىن «چاتاق» چىقىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەن پېشىمنى تۇتۇپ تۇرغان بۇ دېھقانغا ئامالسىز ماقۇل بولدۇم ۋە كۆرۈۋېپا كاتىپىغا يېگەنلىرىمىزنــــى ئاستىرتتىن ھېسابلاپ يېزىپ قويۇشنى تاپىلىدىم.

بۇ ئۆيدە بىر پاخلانغا ئېغىــز تەگكەن شۇ سائەتتىن ئېتىبارەن ئۆي - ئۆيدە پاخلان سويۇش باشلىنىپ كەتتى. دېھقانلارنىڭ مەردلىكـــگە، ھەقىقەتەن بېيىپ قالغانلىقىغا قايىـــل بولغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇنى توسماي بولمايتتـــى. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغانلا بولسا، تاماق ۋە باشقا راسخوتلىرىمىــز ھېچنېمىـــگە يەتمەي قەرزگە بوغۇلۇپ قاياتتۇق. خىزمــــتــــمىزنـــىڭ قۇيرۇقىنىمۇ قۇم باساتتى. بىز زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بۇ شامالنى توسۇپ قالدۇق. ئەمما تۆپىلەپ كىرگەندە تەييار بولۇپ قالغان تاماقنى يېيىشنى رەت قىلىش تەسكە توختىدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار ئۆرۈپ - ئادىتىمىزنى پەش قىلىپ بىزنى ئېغىز ئاچۇرمايتتى.

تۇزنى ئېتىغانلىكى ئۆيدە گۆشسىــز تاماق ئەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ سەل ئويلىنىپ قالدىم. شۇڭا گەپ كوچىلاش يولى ئارقىلىق يوچۇق ئىزدەپ بېقىش مەقسىتىدە، تەكشۈرۈش ئۈستىدىكـــى ئۆينىڭ ئىگىلىرىدىن گەپ سوراپ تۇرۇشنـــى ئۇنتۇپ قالمىدىم.

- بارىكاللا! ناھايىتى ھاللىنىپ كېتىپلا، دادا. قانداق قىلىپ شۇنچە تېز بېيىدىڭلار! - مەستلىكىم كېلىپ سورىدىم بۇگۈن ئاخىرىدىراق تەكشۈرگەن ئۆينىڭ ئىگىسىدىن.

- بۇنى بېيىپ كەتتى دېگىلىمۇ بولمايدۇ، - دېدى 70 ياشلار چامىسىدىكى قارا يەكتەكلىك، ئاپئاق بومبا ساقال بۇ دېھقان مەن ئولتۇرغان سۇپىــغا سۆڭگۈچىــــنى قويغاچ سۆزىنـــى داۋاملاشتۇرۇپ، - شۇنداقكەم بولسىـــمۇ. . . ھېلىھەم شۈكرى. ئۈستىمىزدە ئاللاتائالا ئىگەم بىزنى قوللىدى؛ يېنىمىزدا پارتىيە بار ئىكەن، ئۇ بىزنى يۆلىدى. پارتىيىنىڭ دېگىنىدەك ئىشلەپ بېرىۋىدۇق، ھال - كۈنىمىــز مۇشۇنداق يامان ئەمەس بولۇپ قالدى. بىزنى پارتىيە باي قىلدى. پارتىيىگە رەھمەت! . . . ئۆھۆ، ئۆھۆ. . .

يېزا، كەنت باشلىقلىــرىغا قارىدىم. ئۇلار تەبئىي، ئىپادىسىز ھالدا قاراپ تۇراتتى.

نېمە دەيتتىــم ئۇنىـــڭ ئالدىدا. بەزىلەر ھۆكۈمەتنىڭ گېپىنى قىــلغانــــدى. بۇ بوۋاي پارتىيىنىڭ گېپىنى قىلدى، ماختىدى. بۇنىــڭ نەرى خاتا؟ ئىش قىلىپ، ھەممىسىنىڭ مەقسىتى بىر - پارتىيە، ھۆكۈمەتتىن مىننەتدار! ئۇلارنىڭ يېزا، كەنت باشلىقلىرىنى ماختىغىنى، ھېسابتا پارتىيە، ھۆكۈمەتنى ماختىغىنى؛ ئۇلاردىن رازى بولغىنى - پارتىيە، ھۆكۈمەتتىن رازى بولغىنى!

گۇمانىم نەلەرگىدۇر تاراپ كەتتى، بىھۇدە گۇمانلانغىنىم، گايىت ھاكىمغا ئىشەنمىگىنىــم ئۈچۈن ئۆزۈمچە خىجىلمۇ بولدۇم. بوۋاينىڭ سۆزى ئاساسىي تېمىــــدىــن چەتنەپ، يېــزا، كــەنت مەسئۇللىرىنى زوق - شوخ بىـــلەن ماماختاشقا كۆچۈپ كەتكەنلىكـــى ئۈچۈن ئۇنـــى سۆزىدىن توختاتتىم. ئۇنىڭ دېگەنلىرى ھەق بولۇپ، مېنى تولۇق قانائەتلەندۈرگەنىدى. گەپلىرى چۈۋالچاق، بىر - بىرىگە باغلاشمىغان بولسا نېمە بوپتۇ؟ دېھقان - دە، بۇ.

ئۇ غىزاغا داخىل بولساڭلار، دەپ ناھايىتى چىڭ تۇتقان بولسىمۇ، بىز ئۇنىمىدۇق. ئەمما، بۇ يەردىكى دېھقانلارنىـــڭ راستىـــنلا بېيىـــپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇددى ئۆزىمىز بېيىپ كەتكەندەك، قوتان - چارۋىلارنىڭ ئىگىسى ئۆزىمىزدەك ئىچ - ئىچىمىــــزدىن سۆيۈندۇق. ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ئاپىــرىن ئوقۇدۇق. مەن شۇ رازىمەنلىك، ھاياجاندا گۆرۈۋېپا ئەزالىرىنىـــڭ: «ياتىقىمىزدىلا ئازراق ھاردۇق چىقارساق» دېگەن تەلىپىگە تۇنجــى قېتىــم قوشۇلدۇم. شۇنداق قىلىپ، ياتىقىمىز - ئاھالە گۆرۈۋېپىسىنـــىڭ

www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت ئۆيىدە گورۇپپا ئەزالىرى ئارا «ئىشىمىز» نى باشلىۋەتتۇق...

مەن ئارقا - ئارقىدىن ياندۇرۇۋەتكەندىن كېيىن سەل يېنىكلەپ قالدىم ۋە شۇندىلا خېلى نۇرغۇن ئۆيلى چالا مەست پېتىچە تەكشۈرگەنلىكىمنى بىلدىم. ئاخشام كۆپ ئىچىمگەندەك قىلىۋىدىم. بىر چاغدا يېزا باشلىقلىرىنىڭ بىر مۇنچە ھاراق يەنە ئېمىدۇر بىر نېمىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرگەنلىكىنى خىرە - شىرە كۆرگەندەكمۇ قىلىمەن. چۈشۈمدە كۆردۈممۇ يە... راست، كىرىپتىكەن. سالا بىلەن ئىچىۋېرىپ... ھالىم خارابلاشقانسېرى يېزا باشلىقى ئۆز قولى بىلەن ماڭا ھەدەپ ھاراق قۇيغاچ نۆۋەتتە تەكشۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرنى ماختايتتى. بۇنى ئاڭلاپ، گورۇپپىمىزدىن: «ئازمۇ قاپتۇ، تەكشۈرمىسەكمۇ بولىدىكەن» دېگەنلەرمۇ چىقتى. مەست بولساممۇ بۇ پىكىرگە جايىدىلا رەددىيە بەردىم.

مېنى ئايىغان بولسا كېرەك، گورۇپپىدىكىلەر: «سىلە ئارام ئالسىلا، بىز تەكشۈرەيلى» دەپ تۇرۇۋالدى. مەن قوشۇلمىدىم، لېكىن ئاخىرىدا قوشۇلمايمۇ بولمىدى. بىر قانچە ئۆيگە كىرىپ چىققاندىن كېيىن زادىلا بولالمىدىم (بۇنىڭغا مەن بەك خىجىل). زىڭىلداپ ئاغرىپ كېتىۋاتقان بېشىمنى تۇتقىنىمچە گورۇپپا كاتىپىغا تەكشۈرۈشنى ناھايىتى ئىنچىكە ئېلىپ بېرىشنى تاپشۇردۇم.

بىز ئۇزىتىش چېيىنىمۇ قوبۇل قىلماي، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يىغىن زالىدا ئەتىگەندىلا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خۇلاسە يىغىنىنى ئاچتۇق. ئۇنىمىغانغا قويماي يېگەن - ئىچكىنىمىزنىڭ پۇلىنى نەق مەيداندىلا بېرىۋەتكەندىن كېيىن، سۆزگە چىقتىم. يېزا باشلىقلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن سۆزگە چىقىپ، بىزنىڭ ناھايىتى كۆپ جاپا چەككەنلىكىمىزنى، خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلىگەنلىكىمىزنى، بىزدىن ئۆگىنىدىغانلىقىنى... ئېيتتى. قىسقىسى، ياخشى تەرىپىمىزنى قىلىپ سۆزلىدى.

مەن تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ، ئىپتىخار، مەمنۇنىيەت بىلەن ئولتۇرغان گورۇپپا ئەزالىرىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، سۆزۈمنى شۇنداق خۇلاسىلىدىم:

—... ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، يېزا رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىشى، كەڭ ئاممىنىڭ جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىشى نەتىجىسىدە، بۇ يېزىدا دەسلەپكى قەدەمدە كۆز چاقنىتىدىغان «10 يۇلتۇزلۇق ئائىلە» لەر مەيدانغا كەلدى. مەدەنىيەتلىك، باياشات بۇ ئائىلىلەر قوشتوغراقنىڭ پەخرى! ناھىيىمىزنىڭ پەخرى! سىلەر خىزمەتنى بىز ئويلىغاندىنمۇ ياخشى ئىشلەپسىلەر. ناھىيىمىز سىلەردىن مىننەتدار! مۇشۇ شەرەپلىك خىزمىتىڭلار بىلەن قوشتوغراق يېزىسى تارىخىدا، ناھىيىمىز تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچتىڭلار! بىز بۇ تەجرىبىلەرنى كېڭەيتىپ «10 يۇلتۇزلۇق ئائىلە» لەرنى قەدەممۇ قەدەم كۆپەيتىمىز. كېيىنكى خىزمىتىمىز ئۈچۈن سىلەر جانلىق بىر ئەينەك، سىلەر پۈتۈن ناھىيىمىزنىڭ ئۈلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ.

4

ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق ھەيئەتلىرى تولۇق چاقىرتىلغان خۇلاسە يىغىنىغا مەن باشلاپ بارغان خىزمەت گورۇپپىسىدىكىلەرمۇ قاتناشتۇرۇلغانىدى. يىغىن ئەھلى خىزمىتىمىزنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. بولۇپمۇ خىزمەت تەكشۈرۈش دوكلاتىمنى ئاڭلاپ ھاكىم مېنى قەۋەتلا تەرىپلىۋەتتى. بىلىشىمچە باشقىلارنى ئاسانلىقچە ماختىمايدىغان، كەم سۆز ھاكىم ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيان ھېچكىمنى بۇنچىلىك ھەۋەس، سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئالمىغانىدى.

سورۇندىكىلەر ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغاندەك، ماڭا باشقىدىن قاراشتى. بەدىنىمدە قانداقتۇر بىر ئازادىلىك ئىچىدە كېڭىيىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئېغىر تېنىمنى كۆتۈرۈپ تۇرغان يالغۇز كىشىلىك كىرىسلومۇ بارغانسېرى كۆپۈپ - كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى. يۈرىكىم تېپىرلايتتى. كۆزۈمدىن ئوتلار ياناتتى. سېزىمى گاللىشىپ قالغىلى خېلى بولغان قۇلىقىم ئىشداشلىرىمنىڭ قايىللىق بىلەن كۇسۇلدىشىپ قىلىۋاتقان سۆزلىرىنى، ھەتتا بىلىنمەس دەرىجىدىكى تىنىقلىرىنىمۇ شۇنچە توغرا، ئېنىق ۋە تولۇق ئاڭلاۋاتاتتى، ئۇزۇلدۇرمەي شوراۋاتقان كۆك تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسىچۇ؟! ئۇ شۇ قەدەر تاتلىق، لەززەتلىك، يېقىشلىق... خۇددى ئولتۇرغان بۇرادەرلىرىمنىڭ ماڭا قارىتىپ ئېيتقان سۆزلىرىدەك! ئىشلىگەن خىزمىتىمنى توغرا

باھالىيالىغان، ئەمگىكىمنى قەدىرلىگەن خىزمەتداشلارغا رەھمەت! مىنى چۈشەنگەن ھاكىمغا مىڭ رەھمەت! ئۇ: «مۈشۈنداق يولداشلارنى نېمىشقا كۆرمەيمىز» دېدى. تەشەككۈر! ئىشلىگەننى بىلىدىغانلا بولسا، بۇندىن كېيىن قانداق ئىشلەيدىغانلىقىمنى كۆرۈپ قويسۇن. . . ئىش دېگەننى مانا مۇشۇنداق قىلىمىز، داۋۇتكا! ھەدېسىلا تىرناق تۈۋىدىن كىر ئىزدەپ، قورساق غەملەپ يۈرگەن ھېساب ئەمەس. . . قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا. ھاكىم نېمە دەۋاتىدۇ؟!

مەن قەددىمنى تىكلىمۇ تىكرەك تۇتۇپ، ئولتۇرغانلارغا نەزەر سالدىم. نېمىنى كۆردۈم دەڭ: ھەممىلا كىشى ماڭا قايىللىق بىلەن قاراشقاندەك قىلاتتى. پەقەت گايىت مەغرۇرلۇق بىلەن كېرىلىپ، داۋۇتكام بولسا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك زوۋان سۇرمەي قاپىقىنى سىلىپ ئولتۇراتتى. گايىتقۇ: «ھە، قوشتوغراق قانداقكەن، ئەمدىغۇ قايىل بولغانسەن، راخمان» دەپ كېپىنىڭ راست چىققىنى ئۈچۈن تېرىسىگە سىغماي قالسۇن، ماۋۇ داۋۇتكام نېمىدەپ مۇنچە تۇتۇلۇپ كېتىدۇ؟! سەنغۇ ئەسلىدىنلا مېنى كۆرەلمەيتتىڭ قېرى تۈلكە. بۇ، سېنىڭمۇ شان - شەرىپىڭغۇ؟ ھەي، سېنىڭ بىلەن بىرگە بېرىپ قالغىنىم تېخى!

بىردىنلا ئۇنىڭ مەسخىرىلىك ھىجايغىنىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدىن مەنسىتمەسلىك، زەھەرخەندىلىك ئىپادىلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى مۇشۇ كۈلكىسىلا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسامۇ، نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىمغا بىلىنەر - بىلىنمەس غەشلىك ئارىلىشىۋالدى.

پىكرىمىز ئەمدى قوشتوغراق يېزىسىنى ماختاشقا كۆچتى. ھەممەيلەن ناھىيىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك خىزمىتىدە يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلغانلىقىنى، بۇنى ۋىلايەتكە دوكلات قىلىپ، بارلىق ناھىيىلەرگىچە كېڭەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تىلغا ئېلىشتى. كەيپىيات ئىنتايىن قىزغىن ئىدى (ماڭا تۇرۇپلا داۋۇتكام يېنىمدا يوقتەكمۇ تۇيۇلاتتى). خۇلاسە بارا - بارا قوشتوغراقنىڭ باشلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە بېرىپ توختىدى. يىغىن قاتناشچىلىرى يەنە: ئەگەر يېزا باشلىقى قول سېلىپ ئىشلىمىگەن بولسا، «10 يۇلتۇز»

شەرتىنى ھازىرلايدىغانلار چىقمايتتى، دېيىشتى. دېمەك، بۇ ئۇتۇقلارنىڭ بىر يادرولۇق ئاچقۇچى قوشتوغراق يېزىسىنىڭ باشلىقىغا تۇتقۇزۇلغانىدى. ماختاپ كېتىشىۋېتىپ، نۆۋەتتىكى سايلامدا ئۇنى مۇئاۋىن ھاكىم نامزاتىغا كىرگۈزسەك دېگۈچىلەرمۇ بولدى (شۇنداق دېگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىدە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى بولغان مەنمۇ بولغىيتتىم، ئىلاھىم.)

خۇلاسە يىغىنى ئىكەنلىكىنى ھەممەيلەن ئەستىن چىقىرىشتىمۇ قانداق، بەدەھىيە سۆزلىرى تۆپى - تۆپىلەپ يېغىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھېچ ئايىغى چىققار ئەمەس. جىمجىت ئولتۇرغان داۋۇتكام تۇساتتىنلا تالىشىپ پىكىر ئالدى. ئۇ ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان سالاپەت بىلەن گېلىنى قىرىپ قويۇپ دېدى:

- ئۈنۈگۈن مېنىڭ نامىمغا بىر پارچە خەت كەپتىكەن. ئېچىپ ئوقۇسام، بىز خىزمەت تەكشۈرۈشكە بارغان يېزىدىكىلەرنىڭ مەن ئارقىلىق رەھبەرلىككە (ھاكىمغا) يازغان خېتى ئىكەن. بۈگۈنكىدەك چوڭ خۇلاسە يىغىنىدا كۆپچىلىك ئارىسىدا ئوقۇيلى، دەپ، - ئۇ ئاغزى يىرتىلغان بىر پارچە كونۋېرتنى ھاكىمغا چاققانلىق بىلەن سۇندى.

«ھە، تۈۋى تېشىلگەن ئىدىشتەك ماكچىيىپ ئولتۇرماي، مۇنداق گېپىڭ بولسىمۇ دېمەمسەن!» دېدىم مەن ئىچىمدە. مانا ئەمدى ئۇنىڭدىن خېلىلا سۆيۈنۈپ قالدىم. قەلبىمنى ھاياجانلىق ھېسسى چۇلغىۋالدى. قوشتوغراق يېزىسىدىكى رەھبىرىي يولداشلار ئارقىمىزدىنلا رەھمەت خېتى ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئېسىدە يوق مېنى ئۈنتۇپ، داۋۇتكامنىڭ نامىغا يېزىۋەتكەن چېغى. راست، دېھقانلار، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى پات - پات ئۇنى: «جۇرىن» دەپ چاقىرغاندەك قىلىشۇدى. مەيلى ئۇنىڭ نامىغا يازسىمۇ يېزىپتىغۇ.

- داۋۇت جۇرىن ئارقىلىق ناھىيە رەھبەرلىرىگە: - مۇشۇ بىر جۈملىنى يۇقىرى ئۇرغۇ بىلەن ئوقۇۋەتكەندىن كېيىن، سەل توختىۋالدى ھاكىم. پاراڭ بېسىقتى. ئارقىدىنلا ئۇ خەتنى سالماقلىق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

«ئەسسالام ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، تىنچ - ئامان تۇرۇۋاتامسىلەر؟!

، 10 يۇلتۇزلۇق ئائىلە، لەر خىزمىتىدىن

خۇلاسە چىقىرىپ بولۇشقانلا ھەقاچان. خۇلاسە چىقىرىلغان بولسا، بىزنىڭ شىياڭجاڭنىڭ كېيى بولغاندۇ؟ بىلمىمىز، ئۇ مۇكاپات ئالىدۇ. ھەر قېتىم، ھەر قانداق تەكشۈرۈشتە شۇنداق. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر شىياڭجاڭنى ماختاپ قويۇپ كېتىدۇ، شىياڭجاڭ خىزمەت تەكشۈرگۈچىلەردىن ئۆگىنىمىز، دەپ ناھىيىگە مەلۇمات بېرىدۇ. ناھىيە رەھبەرلىرى خىزمەت تەكشۈرگۈچىلەردىن شىياڭجاڭنىڭ قالتىس ئىكەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. ئاخىرىدا خىزمەت تەكشۈرگۈچىلەرمۇ، شىياڭجاڭمۇ قوشلاپ مۇكاپات ئالىدۇ. مۇكاپات ئېلىشقا لايىق يۈزلىگەن قوللار زاغرا ناندەك يېرىلغان، ھەشەكتەك قاتقان پېتى قاسماق يەكتەكنىڭ يېرتىق يەڭلىرىدە نامۇ - نىشانسىز قېلىۋېرىدۇ! مەيلى، شىياڭجاڭلارغا مۇكاپات بېرىش ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى! لېكىن ھازىر دېمەكچى بولغىنىمىز مۇكاپات ئىشى ئەمەس. ھۆكۈمەتتىن داۋاملىق مۇكاپات ئالىدىغان ئاشۇ شىياڭجاڭنىڭ كېيى. ئۇلارنى بىلىشىلا، بىزنىڭ شىياڭجاڭ «كەسكىن» ئادەم. ئىلگىرىكى يىللىرى باشقا مەھەللىدىكىلەر قاقشىسا تارا گېرەن قىلىپ كەتمەيتتۇق، بۇ يىل نۆۋەت بىزگە كەلگەندە، ئۇنىڭ كەسكىنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

«ناھىيىدىن مەھەللىمىزنى تەكشۈرگىلى مېھمان كېلىدىكەن» دېگەن گەپ چىقىشى بىلەنلا، كۈنىمىز پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ئۆتتى. قىلغان دېھقانچىلىقىمىزنىڭ ئەسلا تايىنى بولمىدى. قىلغان ئىشىمىز ھە دېسىلا مەھەللە يولىنى ياساش، ھويلا - ئارام تۈزەش، كۆزگە چېلىقىدەكلا نەرسىنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇپ چىقىش، ياراشمىسا باشقىدىن قىلىش... دېگەندەك تىكىپ - سۆكۈش بولدى. بۇنىمۇ مەيلى، مۇشۇ باھانىدا ئۆي - ۋاران، ھويلا - ئاراملىرىمىز خېلىلا تۈزىلىپ قالدى. ئەمما، دېھقانچىلىقتىن بۇ ئىشلارنى مۇھىم بىلگەچكە، بۇ يىل بىر مۇنچە ئاشلىقتىن زىيان تارتتۇق، بۇغداي ئورۇمىدا «تېمى ئاقلانغان، ئىشىكى سىرلانغان تەرەتخانا بەرپا قىلىمىز» دەپ، بالدۇر پىشىدىغان بۇغدايلارنى قاغا - قۇشقاچلارغا يەم قىلدۇق؛ بوران - مۆلدۈرگە سوقتۇرۇپ تۆكەتتۇق. خامان ۋاقتىدا «10 يۇلتۇزلۇق ئائىلە» شەرتلىرىنى قايتا ئۆگىنىپ پىششىقلايمىز؛ سورالغان ھەر قانداق سوئاللارغا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ جاۋاب بېرىشنى مەشق قىلىمىز، دەپ نۇرغۇن بۇغدايلارنى چاشقانغا بەردۇق، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغىنىنى يامغۇرغا سېلىپ سېسىتتۇق. كېۋەز چۆلىمىدە ئىشىمىز تېخىمۇ ئاقسىدى. يېزا باشلىقى مەجلىس ئېچىپ: «خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىشكە ئازلا قالدى. ئەجرىمىزنىڭ بىكار كەتمەسلىكى ئۈچۈن ساۋاتسىزلىرىڭ، جەپپىرە چاپاننى تاشلىيالمايدىغانلىرىڭ، ئاغزىڭنى جايلاپ تۇتالمايدىغانلىرىڭ... مېھمانلار كېلىپ - كېتىپ بولغۇچە كۆزىمىزدىن يىراقتا يوقاش. مېھمانلار كەلگەندە مەھەللىدىن ۋاقىتلىق يوقالغانلارنىڭ ئورنىغا ۋاقىتلىق تۇرۇپ بېرىشكە ساۋاتلىق ئادەملەردىن تېپىپ كېلىمىز. مەھەللىدە قالغانلىرىڭ ۋە كۆزدىن يوتۇپ تۇرىدىغانلىرىڭ كۆتۈڭنى غىت قىسىپ يۈرۈش! كىم ئىش بۇزسا مېھمانلار كەتكەندە جەرىمانە تۆلەيدۇ!» دېدى. كەنت، ئاھالە گۇرۇپپىسى باشلىقلىرىنىڭمۇ دېمىگەن گېپى قالمىدى. بۇنىڭغىمۇ مەيلىدى... بىراق تازا ئىشقا يارايدىغان بالىلىرىمىزنى «ساۋاتسىز» دەپ مەھەللىدىن كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزىمىز يېتىشەلمەي (50 ياشتىن ئاشقانلارنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيدىكەن) پاختا يىغىشنى كېيىنگە سۈرۈۋەتكەچكە، باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئويلاپ بېقىشسىلا ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، بۇ زىيان ئۈستىگە زىيان ئەمەسمۇ؟ بۇنى ئاز دەپ، يېزا رەھبەرلىرى كېيىندە تۇرمىدى. «مېھمانلار قايسىڭلارنىڭ ئۆيىگە كىرسە راۋۇرۇس پاخلاندىن بىرنى سويىسەن. گەپ - سۆزدىن چاندۇرۇپ قويۇشمايسەن. مېھمانلار كەتكەندىن شەخسىيلەر چىقىم قىلغان پۇلنى بىز تۆلەپ بېرىمىز» دېگەن. لېكىن، مېھمانلار كېتىپلا، ئۇلار گېپىدىن يېنىۋالدى. يەنە تېخى «ھۆكۈمەتنىڭ سىلەرگە قىلغان ياردىمى» دەپ بەزىلەرگە گىلەم، تېلېۋىزور، بەزىلەرگە ئۈنئالغۇ، ئەدىيال، بەزىلەرگە رادىئو، سافا، يەنە بەزىلەرگە مال - چارۋا بېرىپ، پۇلىنى باي بولغاندا ياندۇرۇشىمىزنى ئېيتقان. بەزىلەرگە بولسا كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى باغ - ئورمانلارنى ئەرزان باھادا ھۆددىگە بەرگەنىدى. ئۇلار: «ئاغزىڭلارنى جايلاپ تۇتۇپ، بىز دېگەندەكلا قىلساڭلار ھۆكۈمەت سىلەردىن ياردىمىنى ئايىمايدۇ» دەپ نۇرغۇن ۋەدىلەرنى قىلغان. بىز ھۆكۈمەتتىن خۇش بولۇپ، يىغلاپ كەتكەنىدۇق. ئۇلارغا ئىشەنگەنىدۇق. زىلچا - گىلەملىك، تېلېۋىزور - ئۈنئالغۇلۇق بولۇپ قالغىنىمىزغا قەۋەتلا خۇشلۇقىمىز باردى. كىم بىلسۇن، داۋۇت جۇرىن باشلاپ بارغان خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر كەتكەندىن كېيىنلا، ئۇلار بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋالدى! ئۇقساق، بىزگە بەرگەن نەرسىلەر ئۆتكەن يىلى 2 - ئاھالە گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە بېرىپ ياندۇرۇۋالغان نەرسىلەركەن. شۇنداق، ئۇلارغىمۇ مۇشۇنداق قىپتىكەن! سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەك، مەھەللىدىكى

www.uyghurkitap.com

ھەممە ئائىلىلەرگە نەرسە - كېرەك (تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، گىلەم...) تارقىتىپ بەرمىگەنىكەن. ھەر بىر ئادەمگە بىر - بىرىگە يولۇقتۇرماي تەربىيە ئىشلەپ، پۇللۇقراق نەرسىلەرنى تەكشۈرۈپ بولغان ھامان، تەكشۈرۈپ بولغان ئۆيدىن تەكشۈرۈپ بولالمىغان ئۆيگە يۆتكەپ ئىشلىتىپتۇ. بىز بۇنىڭغىمۇ سەل قاراپتىمىز. ھېچنېمىنى چۈشەنمەپتىمىز. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر بۇنى تېخىمۇ سەزمىدىڭلار!

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، بىز چىداپ تۇرالماي، ئاخىرى بىر پۈتۈكچىنى تېپىپ مۇشۇ خەتنى يازدۇردۇق. شىياڭجاڭنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ ئىسمىمىزنىمۇ سالغۇزمىدۇق. خەتنى داۋۇت جۇرنىغا يېزىشىمىزدىكى سەۋەب، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى شۇ ئاكىمىز باشلاپ كەلگەنىدەك قىلىۋىدى. ئالدانغانلىقىدىن ئۇ بۇرۇنراق خەۋەر تېپىپ قالسۇن، دېدۇق. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ناھايىتى ئەستايىدىل تەكشۈرگەن بولسىمۇ ھېچنېمىنى سېزەلمەپتۇ، لېكىن ئۇلارغا بۇ گۇناھنى ئارتىپ قويغىلى بولمايدۇ. ئۇلار بەكلا جاپالىق ئىشلىدى. گەرچە ئاخىرىدىراق تەكشۈرمەيلا بولدى قىلىۋەتكەن بولسىمۇ.

ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، يۇقىرىقى سەۋەبتىن بۇ خەتنى يازدۇق، مۇشۇنىڭ ئۆزىنىلا «ئەرز» دەپ بىلىشكەيلا. بىرلا گېپىمىز: يېزا باشلىقلىرىغا دەپ، بىزدىن ياندۇرۇپ ئېلىۋالغان ۋەجلەرنى قولىمىزغا قايتۇرۇپ بېرىشكەن بولسىلا. ئۇنىڭغا ئۇلار دېگەن بويىچە پۇل تۆلەيمىز. بۇ ئەرزىمىزنى ئاڭلاشمىسىلا ۋىلايەت، ئاپتونوم رايونغىچە ئەرز يازىمىز!... پۇقرانى بوزەك قىلىدىغان بۇنداق قائىدە نەدە بار ئىكەن؟ پات ئارىدا بىر نېمە دېيىشلىرىنى ئۈمىد قىلىپ:

قوشتوغراق يېزا 17 - كەنت 3 - گۇرۇپپىدىكى ئەزالاردىن»

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ھاكىمنىڭ چىرايى تۇتۇلدى. بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، يوغان - يوغان تىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قەھرلىك كۆزلىرى ماڭا نەشتەردەك قادالغانىدى.

باياتىدىن بېرى چوغ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك، ئۆزۈمنى ھېچ تىزگىنلىيەلمەيۋاتاتتىم. مانا ئەمدى يۈرىكىم توختاپ قالغاندەك سېزىلدى. ئاستىمدىكى كىرىسلو بارغانسېرى ئولتۇرۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. قولىقىمغا ھېچنېمە كىرمەيتتى. گاراڭ كاللامغا پەقەت بىردە ھاراق چىشلىۋېلىپ، تەكشۈرۈشكە قاتنىشالمىغان كۈنۈم ۋە بىردە شوپۇرىمىزنىڭ يېرىم يولدا: «يېگەن - ئىچكەنلىرىمىزنىڭ پۇلىسىكەن، بىز تاپشۇرغان پۇلنى يېزا باشلىقى شۇ پېتىچىلا يانچۇقىغا تىقىپ قويدى» دەپ، بىر تۇتام پۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزغانلىقىلا كېلەتتى. ئەمدى نېمە دېگۈلۈك، ئەمدى بۇنى قانداق چۈشەندۈرگۈلۈك؟

ھېلىلا ئىشخانىنى بېشىغا كەيگەن يىغىن قاتناشچىلىرى ئەمدىلىكتە بىراقلا جىمىپ قېلىپ كەتكەندەكلا لاسىدە بولۇپ، كۆزلەر چۈچەكتەك كېرىلگەن، ئېغىزلار ھاڭدەك ئېچىلىپ قالغانىدى.

بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ھەممەيلەن ماڭا يەر تېگىدىن ئۇن - تىنسىز ھالدا ئەجەبلىنىپ قاراشتى. مەن خىرەلەشكەن كۆزۈمنى ئوغرىلىقچە گايىت ھاكىمغا تىكتىم. ئۇنىڭ ھالى تېخىمۇ بەتتەرلىشىپ، دائىم سۈر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان چوقۇر يۈزى قازان يۇغۇچتەك ئۆڭۈپ كېتىپتۇ...

مەن، ئۇلا ئەمەس، ھەممىمىز جىمجىت ئولتۇراتتۇق. ئۈچ يىللىق خىزمىتىنىڭ بىر پارچە خەت بىلەنلا نۆلگە تەڭ بولۇشىنى كىممۇ ئويلىغان؟ خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بۇ ئىشقا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيتتى. چۈنكى بۇ ئىش ھەممىگە يادقا بولۇپ كەتكەن جانلىق ۋە ئۆلۈك پرىنسىپلارنىڭ ھېچقايسىسىغا چۈشمەيتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت قايتۇرۇۋالغان نەرسىلەرنى دېھقانلارنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بېرىشكە مۇتلەق بولمايتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ تەلىپى ئورۇندالماي، بۇ ئالدامچىلىقنى پاش قىلىپ ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايونغا «ئەرز» يازسا كۆرۈڭ! ھاي - ھاي، ئۇ چاغدا ئىشنىڭ ئاخىرىنى يىغىشتۇرماقمۇ بىر گەپ بولاتتى. ۋىلايەت ئالدىدا ناھىيىمىزنىڭ، ئاپتونوم رايون ئالدىدا ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىناۋىتى چۈشۈپ، تەنقىد، تەكشۈرۈش، ئېلان قىلىش... دېگەنلەر يېغىپ كېتەتتى. مانا بۇ قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت ھەممىگە ئايان ئىدى.

جىمجىتلىق، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان تۈگىمەس جىمجىتلىق.

سۈكۈتلۈك دەملەر داۋام قىلاتتى. قىزغىن كەيپىياتتا باشلانغان «10 يۇلتۇز» خۇلاسىسى، قوشتوغراق ۋە ئۇنىڭ باشلىقى ھەققىدىكى ئاجايىپ تەرىپلەر، ئاڭلاپ باقمىغان قالتىس ماختاشلار... (ھېلىلا ئۇلار مېنىمۇ ماختىغان) مانا ئەمدى قاياققىدۇر ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ئەمدى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقىنى ئايىغى يوق سۈكۈت ۋە يەنە شۇ سۈكۈتلا...

ئۈستىمىزنى تاماكىنىڭ قويۇق ئىسى قاپلىغانىدى. يىغىن ئەھلى ئېغىر پۇشۇلدايتتى. كىرسلولار تەرەپ - تەرەپتىن توختىماي غىچىلدايتتى!



# جەننەت شەھىرى



( باللادا )

**مۇھەممەتجان راشىددىن**

بىردە ياۋروپا شەھەرلىرىنىڭ
ھەيۋەتلىك بىر بىنا رېستورانىدا؛
پەخىرلەن تەڭرىتاغ، شۇندا بىر ئوغلۇڭ
«يۇز» ئالدى دانالىق ئىمتىھانىدا.

بىر داڭقىلىڭ مىلىڭ بولدى، كەتتى ئالەمگە،
شارابتەك مەست قىلدى ئاڭلىغانلارنى.
چۇشۇردى ئات ئەمەس، خۇددى ئاسماندىن،
جاھانغا ئۆزىنى داڭلىغانلارنى.

تەكەببۇر قامەتلەر مۇكچەيدى ئاستا،
نەچچىلەپ ئېگىز تاغ تۇزلەندى گويا.
جىم بولدى گەپدانلار قالدى زۇۋاندىن،
ئۇلارغا بىر قىسسە سۆزلەندى گويا.

* * *

ئون ئۇلپەت ئولتۇرار شىرە چۆرىدەپ،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرى رۇس، قالغىنى چېخ، نېمىس، پولەك. . .
گۇلتۇرار بىر ئۇيغۇر مېھمانىمۇ شۇندا،
تۇيۇلۇپ ئۇلارغا بۇ ھال بىر بۆلەك.

كۆزلەردىن كۆزلەرگە تاشلىنار سوئال،
بىلمىدۇق، ئېيتىڭچۇ بۇ ئۆزى كىم؟ دەپ.
سوئاللار كۆزلەردىن يۆتكىلەر تىلغا،
بەزىدە ئۆز ئارا پىچىرلاپ سۆزلەپ.

كىبىرلىك بىرلىرى قىلمايتتى پەرۋا،
قوياتتى باشلىرىن ئارانلا چايقاپ.
تۇراتتى بىرلىرى تىنچ ۋە لېكىن
گۇلتۇرار ئاستىرتىن ئەخمەتنى بايقاپ.

سۆز ئاچتى ئۆت ئېغىز شۇئان مېھماندىن،
بىلگەندەك، ئۇلپەتلىك بۇرچىدا بىر رۇس:
- بۇ يىگىت تەڭرىتاغ ئۇيغۇرى! - دېدى، -
بۇ يۇرتنىڭ مېھمىنى - ھەممىمىزگە دوست.

شۇ بولدى ئېيتىلغان بارى - يوق گەپ - سۆز،
غۇلغۇلا باشلاندى ئۇلارغا دەرھال.
«تەڭرىتاغ قەيەردە؟» دېيىشىپ شۇئان،
ھەرشىنى ئۆزىچە ئەخمەتكە سوئال.

چىچەنلىك رولىغا چىقتى بىر تەلۋە،
ھەممىدىن خەۋەردار دانىشمەنلەردەك.
دېدى ئۇ: ئۇلارنىڭ ماكان تارىخى
ئۇزاق ئەمەستۇر باشقا ئەللەردەك.

- ياق! - دېدى بۇ سۆزگە كىمدۇ بىرلىرى،
دېيىشتى سورۇندا ھەر نېمە ھەركىم.
تىلىنى چايىندى يەنە بىر تەنتەك،
دەپ: ئۇلار مىللەتكە ياتمايدۇ بەلكىم.

شەرھلەر گوڭۇشتى چارەك سائەتچە،
ئەخمەتنىڭ تەكتىدىن خالىغانىنى دەپ.
ئۆزىنىڭ سۆزىدە چىڭ تۇردى ھەر كىم،
قولاشماي قىلىشتى ئەمدى گەپكە گەپ.

دەس تۇردى ئارىدىن توختاشلىق بىرى،
كەلتۈردى ئەسلىگە شۇئان ئەدەپنى.
دېدى ئۇ: «ۋاڭ - چۇڭ»نى قويۇپ، سېنىڭچە -
مېھمانىنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلايلى گەپنى.

- ھەببەللى! - دېيىشتى، جىم بولدى بارچە،
بولمىدى ئۆزگە سۆز ئۇنىڭدىن گوشۇق.
ئەھدىلەر قىلىشتى تەنتەكلەرمۇ ھەم،
سالماسقا مېھمانىنىڭ سۆزىگە قوشۇق.

شەكلەنمەنىڭ گوڭۇرمەن، شۇلار ئىچىدە
بىلمەيتتى بىرلىرى «ئۇيغۇر» دېگەننى.
بىلمەيتتى: ئەل - يۇرتى، ماكانى نەدە،
بىلمەيتتى تاڭامدا ئۇيغۇر يېگەننى.

ئاسماندا ئۇچقاچقا شۇلار ئەلك ئاۋۋال،
كېلەتتى ئالەمدە ئۆزىنى بىرا دەپ.
داڭلايتتى تىلىدا تەكەببۇرلارنىڭ،
جىمىكى ئىنسانغا ئۆزىنى «پىر» دەپ.

مەلۇمغۇ بايىقى سۆزلەردىن شۇلار. . .
كۆپ سۆزلەش نە ھاجەت شائىرغا ئەمدى؟!
شۇ سەۋەپ تەڭرىتاغ نەسلىمۇ ئەنە،
دىت ئەمەس، كىبىرگە سېلىپ ئۆلچەندى.

گوپلاڭە گوڭۇرمەن، ھار كەلمەمدىغان،
شۇ ناھەق تارازا بىزنىڭ ئەخمەتكە.
بىھۇدە كۆيمەمدۇ ئىنسان غۇرۇرى،
شۇ يەڭلىغ تىغ تەگسە ھۆرمەت - ئىززەتكە؟!

ئوت ئالدى «لاپ» قىلىپ شۇڭلاشقا ئۇنىڭ
ۋۇجۇدى يۈرىكى خورلۇققا كۆنمەي.
ئۇ بولدى بەتلەنگەن خۇددى بىر مىلتىق،
«دۈشمىنى» قۇتۇلماس گوقىدا ئۆلمەي.

توساتتىن بايىقى بىر ئاقىل بىراق،
بىر مەھەل قوترىغان خەلۋىنى يېسىپ؛
ئۇنىدى ھۆرمەتتە ئۆلى مۇنبەرگە،
ئەقىلدە بىر - ئىككى تەلۋىنى بېسىپ.

«ئېغىرلىق - راخمانلىق» دەيدۇ كونىلار،

ئېغىرلىق قىلدى ئۇ، قايتتى ئەسلىگە.
سۆز ئالدى ئادالەت تەدبىرلىرىنى
ئۇ ئەمدى بېرىشكە ئۇلۇغ نەسلىگە.

ئۇ دېدى: يۇرتىمىز تەڭرىتاغ، ھەق راست،
ئەزەلدىن بېشىمىز ئاسماندا يېقىن.
جايىمىز جاھاندا ھەممىدىن يۈكسەك،
شۇ يەردىن باشلىنار يۈزلىگەن ئېقىن.

بارچىگە بىللىدۇر ھىممەتلىرىمىز،
بىزدە يوق ھېچكىمدىن قىزغىنىش، ئاياش.
بىز ياقتىن چىقىدۇ، بىلسەڭلار ئەسلى،
سىلەرگە ھەر كۈنى نۇر تۆككەن قۇياش.

گەپ - سۆزنى قىلىدۇ، ئەلۋەتتە، شۇنداق،
يۇرتىدىن ھەقىقىي پەخىرلەنگەنلەر.
قايتىدىن، ئۆزىنى، ئۆزگىنى ھەمدە -
ئويلايدۇ شۇلاردىن تەسىرلەنگەنلەر.

تاڭ قالدى توققۇزى ياپىقى سۆزدىن،
ۋېلكىلار توختىدى خىزمەتتىن تامام.
باشقىدىن زەن قويدى يىگىتكە ئۇلار،
ئۇنتۇلدى ئالدىغا قويۇلغان تائام.

شۇڭغۇدى ھەر بىرى ھەر ئوي ئىلكىگە،
ئۇ ئېيتقان ھەر سۆزنى ئون رەت تەكرارلاپ.
تۇيۇلدى ئۇندا تاڭ ئەمدى ئاتقاندەك،
ئالدىدا شۇ قۇياش تۇرغاندەك پارلاپ.

«ئەجەب بىر يىگىتتۇ گەپ - سۆزى تېرەن،
دېدى ئۇ يۇرتىنى قۇياش چىققان جاي!
نەقەدەر سۆزمەن ئۇ، نە دېگەن چېچەن،
ياش تۇرۇپ پىكىرگە نىمە دېگەن باي؟»

شۇ ئاددىي سۆز بىلەن ئۇيغۇر يىگىتى
قويۇشتى شۇلارنىڭ پەرىنى ھالاڭ - تاڭ.
دېيىشتى: راستىنلا ئاتامدىغاندۇ
شۇلارنىڭ يۇرتىدىن بىزدىكى ھەر تاڭ؟

شۇلارنى ئويلارغا سېلىپ قويدى ئۇ،
توختاتتى شۇ ھامان سۆزىنى ئەمما.
بىلمەيتتى بىراقتا، تۇرغىنىن جىق كۆز
قورشاۋغا ئېلىشىپ ئۆزىنى ئەمما.

قارىشار ئۇلپەتلەر بىرىگە بىرى،
بارچىسىنىڭ كۆڭلىدە ئورتاق بىر تىلەك.
يوق ئىدى ئۇلاردا ئۆزگە ھېچ ئارزۇ،
شۇ سۆزنىڭ ئاخىرىن ئاڭلاشتىن بۆلەك.

ئۇلاندى شۇ سۆزنىڭ ئاخىرى يەنە،
بولدى بىر چوڭ دەرس داۋاملاشقاندەك.
يۈرىكى يورۇقلار ئېيتىشار بىلەن،
گوياكى بىر قازان قايناپ تاشقاندەك:

- ئېيتىمال، ئاڭلىغان بولساڭلار كېرەك،
تارىختىن ئوغۇزخان رىۋايىتىنى.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرى
تىكلىگەن داڭقىمىز ئىمارىتىنى.

«شىنجاڭ» دەپ ئاتىلار ئاشۇ يۇرتىمىز،
تەڭرىتاغ شاھلىقتا تاجىدۇر ئۇنىڭ.
كۆرسەڭلار قانچە تۈم قامۇسلىرى بار،
مۇقاملار ئون ئىككى ياپىدۇر ئۇنىڭ.

ئالەمچە ئالتۇنى ياتار قۇچاقلاپ،
شۇ ئۇلۇغ دىياردا ئالتاينىڭ ئاستى.
ئىللەمىلەر داڭقىدا تاپىدۇ ئىسپات،
خوتەن توغرىسىدا سۆزلەرنىڭ راستى.

چاقنايدۇ يەرلەر كۆزىدەك سۈزۈك،
ئۆزەردىن قېلىشماس قاشتېشى ئۇندا.
كېلىدۇ يەرلىرى ھۆنەر - سەنئەتنىڭ،
دۇنياغا نۇر چېچىپ ئەسلى ئۇدۇمدا.

قالدۇرغان ئەمەسمۇ پىلەرنى ھەيران
تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى - قىيامدا قاتقان.
باراڭلار تېگىدە چاڭگا مەرۋايىت،
داڭقى بار، ئالەمنىڭ زوقىنى تارتقان.

ئاققۇڭلار كېلىدۇ دەريالىرىدا،

بىلىقلار قەۋمىگە قېتىلىپ ھەر كۈن.
قالغۇچلار كېلىدۇ يايلاقلىرىدا،
توي - مەرىكە تۈيۈلۈپ ئۈندىكى ھەر تۈن.

بۇلبۇلنى مەھلىيا قىلغان باغلاردىن،
ئۇ يەردە بىر ئەمەس، تۈمەنلىرى بار.
ئورمانلار كۆزىگە كەلمەيدۇ ئۇيقۇ،
بۇ يەردە بېھىشنىڭ چىمەنلىرى بار.

شىپائگاھدا ناۋات، دەپ نام ئالغان قوغۇن،
بىلسەڭلار، بىزلەرگە تەئەللۇق نېمەت.
تەڭرىتاغ نەسلىگە بەردى ئىپتىخار،
نەشپۈتلۈك باغلاردىن چېچىلغان ھىممەت.

بىرنىڭلار، سىز كەبى كۆرمىگەنلەرگە
بەشكېرەم باغۇنى تارقاتتى باغاق.
دەرەخلەر ئارىلاپ، قۇياشنىڭ نۇرى
يارنىڭلار بېشىغا سالىدۇ تارغاق.

سىلەرگە رىۋايەت، بىزگە رىئاللىق،
شۇ يەردە ئانارۇ - ئەنجۈر دىگەنلەر.
ئۆزىنى جەننەتتە قىلىدۇ قىياس،
شاخلاردىن توغاچلار ئۈزۈپ يېگەنلەر.

ئىلىدىن سۆزلىسەم ھەر جايدا ئۇزاق،
ھەرگەچكە ئالمىسى ئىپتىخار بىزگە.
قورۇنماس باغۋەنلەر، قورۇنماس باغلار،
ھەر باغدىن نە يېسەڭ ئىختىيار بىزگە.

دان چاچار قۇشلارغا تەبىئەت قولى،
ئادەملەر رىزقىغا خامان كاپالەت.
بىپايان ۋادىلار تامام بۇغدايزار،
غايىبتىن ھەر جانغا ياغار شاپائەت.

چېكىگە كۆز يەتمەس دالالىرىنىڭ،
ئۇندا بار نېفىتمۇ، تۇزمۇ، كۆمۈرمۇ...
سۇ ئىچىپ غورۇرنىڭ دەريالىرىدىن
ئۆتىدۇ بىزدىكى ھايات - ئۆمۈرمۇ.

نە قىلاي، كۆپ سۆزلەپ - ماختىنىپ مۇنچە، -
دېدى ئۇ سۆزىدىن بىر مەھەل توختاپ.
- قالدىغۇ، دېيىشتى ئۆلپەتلەر شۇ دەم، -
يۇرتىڭىز بەئەينى جەننەتكە ئوخشاپ؟!

- گەپ مانا شۇ يەردە! - دېدى ئەخمەتمۇ، -
زۆرۈرى يوق ئەمما، ئەجەبلىنىشنىڭ!
شۇ سەۋەب بار ئۇندا كەۋسەردىن تارتىپ،
بارلىقى جەننەتتە مەۋجۇت يېمىشنىڭ.

بىر قىسسە بار بىزدە ئۇزاقتىن كەلگەن،
بەزىلەر چىنپۈتمەي «رىۋايەت» دەيدۇ.
سەزگەنلەر بۇنىڭدىن جەننەت ھېكمىتىن،
بولمايدۇ بۇ يەردە قىيامەت، دەيدۇ.

ئۆزگىلەر ئېلىگە ئوخشىماس ئىكەن،
يارىلىش كۈنىدە، چۈنكى، بۇ دىيار.
ئادەملەر بەختىنى بىلمىگەن چاغدا،
بوپتىكەن بارچىدىن ئۇيغۇر بەختىيار.

ئادەمنى يارىتىپ، كۆپ ئۆتمەي تەڭرى،
بىر كۈنى زېمىننى بىرىپتۇ بۆلۈپ.
يايپىتەك بولۇشۇپ يەتتە پەرىشتە،
تۇرارىكەن دەپتەردىن ۋاراقلار ئۆرۈپ.

تۈگەپتۇ تەقسىمات شۇ كۈن ئاخىرى،
ئايلىنىپ يەر يۈزى ھەر كىم مۈلكىگە.
ئۆتۈپتۇ چېگرىسىز تاغلار، دەريالار
سىزىقلار سىزىلىپ ئىنسان ئېلكىگە.

تەبرىكلەر ياغدۇرۇپ بىرىگە بىرى،
ئادەملەر قايتىشىپ بولغاندا تامام؛
ئۇيغۇرنىڭ سەردارى كەپتۇ ھاسىراپ،
شۇندىقلا، تەڭرىگە قىپتۇ بىر سالام.

تەئەججۈپ ئەيلەپتۇ تەڭرى بۇنىڭغا،
سوراپتۇ: پەتتى؛ دەپ نە مالال ساڭا؟
بېرىلگەن زېمىننى ئاز كۆردۇڭمۇ يا،
تەگدىمۇ دېڭىزدىن بىر ئارال ساڭا؟

ياق! دەپتۇ ئۇيغۇرمۇ ئىلتىجا بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئۆكۈپتۇ تەڭرىگە سەۋەنلىكىنى.
كېيىنچە جىمى ئەل تارقىغان بىلەن
ئۆزىنىڭ ئەمدىلا كەلگەنلىكىنى.

ئاڭلىغان بۇ ئىشقا تەڭرى ھەيرانە،
سوراپتۇ شۇندىقلا، سەۋەب - ۋەجىنى.
گويالپتۇ: تەكتىدە بىر ئىش باردۇر، دەپ،
يۈرگەندۇ ئورۇنداپ يا بىر ۋەدىنى؟!

ئەي تەڭرىم، دەپ ئۇيغۇر باشلاپتۇ سۆزنى،
بولغايمۇ قەدرىگە يەتمەي بۇ كۈننىڭ.
ئالەمچە ھۆرمىتى بار بىزدە، ھەتتا -
سىز پەيدا ئەيلىگەن زەررە تۇتۇننىڭ.

ئىنسانغا زېمىننى ياراتتىڭىز، راست،
رىزقىنى چاچتىڭىز بېيىشكە تېرىپ.
چەك قويۇپ نىزالار ئېھتىمالىغا،
مۈلۈكلۈك قىلدىڭىز ھەممە يەر بېرىپ.

شۇندىمۇ ئۇلۇغ ئىش بولغايمۇ بىزگە،
بەرگەننى ئاز دېسەك، بولمامدۇ گۇناھ؟!
تەقدىردە بارچىگە ئۆزىڭىز قادىر،
يارالدۇق ئۆزىڭىز يەنە پاشاناھ.

قۇلىڭىز جابدۇنۇپ بولغاندا بۈگۈن،
مېھماندىن ئۆيۈمگە كەپقالدى بىرى.
مۇمكىنمۇ ئەزىزنى كېتىشكە تاشلاپ،
ۋە ياكى بولۇشقا بىر مىنۇت نېرى؟

قىلدىڭىز ساناقسىز سۈرىلەر نازىل،
ئۆزىڭىز مېھماننىڭ ئۇلۇغلۇقىغا.
دەلىلدۇر ھەركىمدە ھۆرمەت - پەزىلەت،
شۇ مېھمان ئىلمىنىڭ تولۇقلۇقىغا.

بارىمنى ئالدىغا تۆكتۈم مېھماننىڭ،
ئەتىۋار ۋاقتىمنى ئەيلىدىم قۇربان.
پىدائىي قىلىندىم مېھمان كۆڭلىگە،
تەق تۇردۇم نەدىسە، ئالدىدا ھەرقان.

ئاقۇزدۇم قەلبىمنىڭ دالالىرىغا،
ھۆرمەتتە خۇشاللىق دەريالىرىنى.
چاچقىسىن چاچتى ئۇ مىننەتدارلىقىنىڭ،
ئالدىمغا، دىلدىكى سۆزلەپ بارىنى.

ياد ئېتىپ ئەلگە ئاۋۋال بىر سىزنى، تەڭرىم،
دۇئاغا ئۇ ئېگىز قول كۆتۈرگەندە.
بۇرچۇمدا تۈگەتتىم بىر ئۇلۇغ ئىشنى،
ئۆزگىچە ئارمانىمۇ قالمىدى مەندە.

ئۇ كەتتى خۇشلىنىپ، مەن چاچتىم بۇيان،
شۇ سەۋەب بويۇنۇمدىن ئاقتى تەرلىرىم.
ئۈندىدى يولبويى يۈگرە، دەپ قۇياش،
ساغىدۇر ئاداققى چاچقان زەرلىرىم.

شۇ مېھمان ۋەجىدىن كەلدىم، كەچۈرۈڭ،
كۈن پاتاي دېگەندە دەرگاھىڭىزغا.
تۆھمەتكە يازامسىز، گۇناھقا ياكى،
تاشلاندىم مەن يەنە پاناھىڭىزغا.

ھاياجان تۇتۇپتۇ پەرىشتىلەرنى،
مۆلدۈرلەپ شۇ ھامان كۆزلىرىدە ياش.
شۇمىكىن تەڭرىنىڭ تەسىرلەنگىنى،
جىم بوپتۇ تەبىئەت، پۈتكۈل تاغۇ - تاش.

توختاپتۇ سايراشتىن ئورماندا قۇشلار،
كۆزلىرى ئۇيغۇرنىڭ كۆزىدە بوپتۇ.
دىققىتى دۇنيانىڭ تەرەپلىرىدە،
قۇلىقى تەڭرىنىڭ سۆزىدە بوپتۇ.

سۆز بوپتۇ تەڭرىدىن پەرىشتىلەرگە،
تەرىپلەپ ئۇيغۇرنىڭ پەزىلىتىنى.
كېچىپتۇ ئۆتكۈزگەن «سەۋەنلىكى» دىن،
ماختاپتۇ مېھمانغا مۇھەببىتىنى.

بۇيرۇپتۇ: ھەسسىلەپ شۇ سەۋەب ئاڭا
بېرىڭلار زېمىندىن نېسىۋىنى! دەپ.
ئىنيالار شادلىقتا ئۇرۇپتۇ چاۋاك،
ۋايىغا يەتتى! دەپ، - پەزىلەت - ئەدەپ.

ئىجىللىق بېسىپتۇ پەرىشتىلەرنى،
يۈلۈنۈپ تۆگكەچ يەر - زېمىن ئىراق.
باشقىدىن ئىلتىجا قىلىپ شۇڭلاشقا،
تەڭرىنىڭ سۆزىگە سېلىپتۇ قۇلاق.

www.uyghurkitap.com

تەڭرىدىن بىر ۋەھىي قايتىپتۇ شۇئان،
ئاڭلاپتۇ جىم بولۇپ دىققەتتە پارچە:
- زېمىندا يەر ئاغا تۆكمىگەن بولسا،
جەننەتتىن بېرىڭلار، - دەپتۇ، - بىر پارچە.

بىز تۇرغان ئاشۇ جاي، دېمەك، ئەسلىدە
بېرىلگەن يەر ئىكەن جەننەتتىن كېسىپ.
تۇراركەن پايلىقۇ - نېمەتتە بۇ جاي،
شۇڭلاشقا، جاھاندا جىمىنى بېسىپ.

كەلدىڭلار شۇ جاينى بىلمەستىن، ئەپسۇس،
شائىرلار يازغانغا چۈشەنمىدىڭلار.
كۆرگەنلەر سۆزلىسە، بەزىدە راستنى،
توقۇغان چۆچەك دەپ، ئىشەنمىدىڭلار.

بولدۇڭلار، ئېھتىمال، ئۆزۈڭلار بىلەن
نەزەردىن قالدۇرۇپ ئۆزگىنى چەتتە.
جاھاندا ئىشلارنى شۇنداقمۇ دېمىز،
ئۇقسانسىز يۈرمىدۇق بىزمۇ ئەلۋەتتە.

ئۇزاق يىل ئاسارەت ئىلكىدە كەلدۇق،
ياۋ كۆردۇق ياندىكى قوشنىلارنىمۇ.
سوقۇلدى سېپىللار، ئۆلدى ئەركىنلىك،
ئەسلىگە كەلتۈردۇق قەدىم دارنىمۇ.

تۈڭلۈكلەر تورالدى كۆزنىڭ نۇرىدىن،
سېلىندى ئىشىكلەر ئەركىگە قۇلۇپ.
تالاي يىل چىقالمىدۇق تالا - تۈزگىمۇ،
كەلدۇق بىز خەيلەتكە قۇل - ئەسىر بولۇپ.

دۇنيادىن خەۋەرسىز قالدى قۇلاقلار،
بىلمىدۇق نەدە توي، نەدە مۇسىبەت؟
يا مېھمان بولمىدۇق، ياكى ساھىبخان،
يامرىدى نادانلىق، ئۆچتى مەرىپەت.

ئۆتكۈزمەك ئاسانمۇ چارەك ئەسىرنى،
ئىلكىدە سىقىلىپ بۇرۇقتۇملۇقنىڭ.
ئالەمگە يۈرەكلەر تەلپۈنگەن بىلەن،
قوينىدا قالغانتۇق گويا قۇملۇقنىڭ.

سىلەرنى خەۋەرسىز قالدۇرغان بىزدىن،
ئېھتىمال، شۇلاردۇر - شۇ سەۋەبلەردۇر.
كۆپ بىزدە سەۋەبلىك ئەلدىن ئايرىلغان،
سۆزلىسەك، شۇنداق سۆز - شۇنداق گەپلەردۇر.

ئېھتىمال دۇنياغا ئىشىكلىرىمىز،
غۇرۇرى شۇ بولدى يۈكۈنمىگىنىمىزنىڭ.
ئېھتىمال دېمەكتۇر جەننەت ئىشىكى،
مەنىسى «ئېھتىمال» دېگىنىمىزنىڭ.

شۇ جەننەت بىزنىڭ يۇرت - ئۇيغۇرنىڭ يۇرتى،
جۇڭخۇانىڭ شۇنداق بىر بېغى - گۈلشىنى.
ئاڭلايدۇ زوق بىلەن ئۇنىڭدىن دۇنيا،
دەرد ئەمەس، ئەڭ ئاۋۋال ناخشا، كۈلكىنى.

شۇ جەننەت بىزنىڭ يۇرت - ئۇيغۇرنىڭ يۇرتى،
قىلغىنىم ئۇنىڭدىن ئاددىي رىۋايەت.
«لاپ» دېمەڭ دوستلىرىم ئېيتقانلىرىمنى،
لاپ - بىزگە ئەزەلدىن ئېغىر جىنايەت!

ئاپىرىن! ! ! قوقۇشتى ئۆلپەتلەر ئاغا،
تۇرۇشتى «دۇر» قىلىپ ئورۇنلىرىدىن.
ياۋروپا كۆرمىگەن بۇ كارامەتنى،
ھېچقاچان ئۆزىنىڭ سورۇنلىرىدىن.

كۆرسىتەر بارچىسى بارماق قولىنى،
«يارايسەن! » دېگەننى قىلىپ ئىپادە.
بىرىشتى قايتىدىن قوللىرىن ئۇلار،
بولۇشتى ياشقىدىن كۆڭلى ئازادە.

ئۆتۈشتى قەدەھلەر ئاتايىن بىردىن،
بەزىلەر قوپىدۇرۇپ، قولىدىن ئىچتى.
دەسلىپى ئاسماندىن ياققانلار ئاغا،
ھە، ئەمدى پۇشايمان ئىچىگە چۈشتى.

تەتەكۇ - تەلۋىلەر قالدى نەلەردە،
سۆھبەتنىڭ بېشىدا ھەددىدىن ئاشقان.
مىلك ئۆلۈپ ئولتۇرار سەۋەنلىكىگە،
شەرقنى چۈشەنمەي ئاغزىنى ئاچقان.


ئۆزرىلەر ئېيتىشتى كىمدۇ بىرلىرى،
ئوقۇلدى گوياكى ئەپۇنامىمۇ.
سۆزلەندى شۇ جايدا قايتىدىن ئۇزاق
شەرقنىڭ تۆھپىسى - شەرەپشانىمۇ.

دەلدەڭشىپ بەكمۇ كەچ قايتىشتى ئۇلار،
تەڭرىتاغ ئوغلىغا ئېيتىپ ئۆزرە، خوش!
بىلسەڭلار، مەي ئەمەس جەننەت شەرھىسى،
ئۇلارنى ئاشۇنداق قىلدى مەست - بىھوش.

1989 - يىل 1 - نويابىر، غۇلجا



# «تار كوچا» ھەققىدە پاراڭلار



ئۆمەرجان ئىمىن

ئۈرۈمچى دۆڭكۆۋرۈكتىكى چوڭ كوچىنى بويلاپ كېتىۋاتىمەن. ۋۇجۇدۇم يول بويىدىكى قاتار كەتكەن ئۈن - سىن لېنتىسى دۇكانلىرىدىن ئۈزۈلمەي ياڭراۋاتقان بىر ناخشا ئەۋجىدە چايقالماقتا.

كۆز ئېچىپ ئالەمگە تۆرەلگەندە مەن،
شۇ گۈزەل ھۆسنىڭگە باقتىم تار كوچا.
جان ئانامنىڭ باغرىدەك باغرىڭغا مەن
قانمىدىم، باغرىمنى ياقتىم تار كوچا.

ئەنە شۇ ناخشا ئىچىدە غەرق بولۇپ، ئادەم ئېقىنى ئىچىدە ئۈرۈلۈپ - سوقۇلۇپ كېتىۋاتىمەن. يۈرىكىم ناخشا رېتىمىغا ئەگىشىپ ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك سوقماقتا.

بويلىرىڭدىن ئۆتكىنىمدە ھەر قاچان،
تەلمۈرۈپ تويماي قارايمەن تار كوچا.



كىم سېنى تار دەيدۇ، قوينۇڭ بىر جاھان،
گۈل - چېچەك، رەيھان پۇرايسەن تار كوچا.

ئىنسان قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان نازۇك ھېسسىيات ۋۇجۇدۇمنى ئېرىتتى. كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئاددىي مەھەللەمنى ئەسلىدىم. ياق، ئۇ كىچىككىنە بىر مەھەللە ئەمەس. كۆز ئالدىمدا جەننەت گۈزەللىكىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن چەكسىز بىر ساماۋىي دۇنيا جىلۋىلەندى. بۇ مېنىڭ ۋەتىنىم!

- پوش، پوش. . . ! ساڭا دەۋاتىمەنوي. . .

قول ھارۋىسىنى تىزىمغا تىرەپ تۇرغان باققال يىگىتنىڭ بوم ئاۋازى مېنى شېرىن تۇيغۇلار قاينىمىدىن تارتىپ چىقتى. مەن يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. ناخشا مېلودىيىسى ئەۋجىگە چىقتى:

سەندە خۇش خۇي مىڭ ئانىنىڭ مېھرى جەم،
شۇڭا مەن ئىشقىڭدا يانغان تار كوچا.
مەيلى پارىژ، مەيلى ئىستانبولدا مەن،
سېغىنىش قەلبىمدە گۈلخان تار كوچا.

بۇلاق سۈيىدەك شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ھېسسىيات ئېقىنى بىردىنلا دېڭىزدەك ئۆركەشلەپ، قەلبلەرنى لەرزىگە سالدى، يۈرەكلەر ۋەتەن مۇھەببىتى، ئانا يۇرت ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تار كوچا مېھرى بىلەن تولدى. مەن مەستخۇشلۇق ئىلكىدە ئىلگىرىلەۋەردىم. «تار كوچا» ھەممىلا يەردە ياڭرىماقتا ئىدى.

دۆڭكۆۋرۈك بازىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تار كوچىغا ئەگىلىشىم بىلەنلا، مەن تەرەپكە كېلىۋاتقان بىرەيلەنگە كۆزۈم چۈشتى. توۋا، «كىمنى خىيال قىلسا، شۇنىڭ بىلەن . . .» دېگەن راست گەپ ئوخشايدۇ. بىز قىزغىن كۆرۈشتۇق. ئۇ، «تار كوچا» ناملىق ناخشىنىڭ ئاپتورى ۋە كومپوزىتورى ياسىن مۇخپۇل ئىدى. بىز سالام - سەھەتتىن كېيىن:

- سىز بىلەن بىر پاراڭلىشىش ئويۇم بار ئىدى. قاچان ۋاقتىڭىز يېتەر؟ - دېدىم.

- ئەگەر سىزنىڭ ۋاقتىڭىز بولسا، ھازىر مېنىڭ باشقا ئىشىم يوق.

- ياخشى بولدى، «تار كوچا» توغرىسىدىكى پارىڭىمىز تار كوچىدىن باشلىنىدىغان بولدى.

* * *

- ئەتىگەندىن بېرى «تار كوچا» نىلا ئاڭلاۋاتىمەن. شۇ تاپتا كاللامدا قېتىپ قالغىنى يەنىلا شۇ «تار كوچا» دېگەن بىرلا ئۇقۇم بولدى. قارىغاندا، ناخشىدىكى سېھرىي كۈچ مۇشۇ سۆزگە مۇجەسسەملەشكەنمۇ - قانداق؟

- توغرا دېدىڭىز، «تار كوچا» بۇ ناخشىنىڭ باش تېمىسى، ناخشا ئىجادىيىتىدە تېما تاللاش ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ خۇددى تەندە سوقۇپ تۇرغان يۈرەككە ئوخشايدۇ.

- مەنمۇ تار كوچىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. نەزىرىمدە سىزنىڭ كوچىڭىز - مېنىڭ كوچام، مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ كوچىسى، شۇنداقلا ئۇ بىز ئۇلۇغلاۋاتقان ۋەتەن. سىزنىڭ ئىجادىيەتتە ۋەتەن تېمىسىدا ئويلىنىشىڭىزغا تۈرتكە بولغان ئامىل قايسى؟

- مەن ئىلگىرى مەرھۇم شائىرلىرىمىز نىمشېھىتنىڭ «ئالدىدا»، تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ناملىق شېئىرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇغان. كېيىن داغىستانلىق ئاۋار شائىرى رەسۇل ھەمزەتوپنىڭ «مېنىڭ قەلبىم تاغلاردا» داستانىنى ئوقۇدۇم. بۇ ئەسەرلەر ماڭا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنىڭ مۇقەددەس ھەم مەڭگۈلۈك تېما ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرغانىدى. مەن 1989 - يىلىنىڭ ئاخىرى ياۋروپادىكى بىر قانچە دۆلەتتە زىيارەتتە بولدۇم. چەت ئەللەردىكى يۈكسەك تەرەققىياتلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئەمما ئۇ ماڭا مەنسۇپ ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئىختىيارسىز ئانا يۇرتۇمنى سېغىندىم. بۇ جەرياندا قەلبىمنى «مېنىڭ قەلبىم تاغلاردا» داستانىدىكى:

ئىسسىق جۇۋا، ياۋروپانىڭ مېھمانخانىسى،
قوچىقىڭدەك بېرەلمەيدۇ ئىسسىق ۋە مەززە.

دېگەن مىسرالارغا ئوخشاش سېزىم چۇلغىۋالدى. مەن چەت ئەللەردىكى ئەڭ ئېسىل جايلاردا يۈرۈپمۇ بۇ داستاندىكى:

ئانت ئىچىمەن سادىقمەن دەپ ئانا يۇرتۇمغا،
ساڭا مەنسۇپ قوشاقلىرىم، ساڭدۇر ئەقلىم.
مەن ئەبەدىي سېنىڭ بىلەن، ئىشەن ۋەدەمگە،
ئەي سەن مېنىڭ كىچىك خەلقىم، ئەي ئۇلۇغ خەلقىم.

دېگەن مىسرالارنى ئىچىمدە يادلاپ يۈردۈم ھەم ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ۋەتەن تېمىسىدا ئەسەر ئىجاد قىلىش نىيىتىگە كەلدىم.

— سىز ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشىڭىزنى ئىپادىلەشتە نېمە ئۈچۈن ناخشا ژانىرىنى تاللىدىڭىز؟

— مەن ناخشىنىڭ قۇدرىتىنى چەت ئەللەردە يۈرۈپ قايتا ھېس قىلدىم. ئۇلاردا بىر ياخشى ناخشا ئەڭ زامانىۋى قورالدىنمۇ قۇدرەتلىك ھېسابلىنىدىكەن. سەنئەتكارنىڭ كۆپلۈكىدىن: «بالكوندىن پەسكە يىڭنە تاشلىساڭ سەنئەتكارنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ» دېگەن ئوخشىتىشلار ھەممىلا جايدا ئېقىپ يۈرسىمۇ، سەنئەتكارلار يەنىلا شۇنچە قەدىرلىنىدىكەن. نېمىسلار: «گېرمانىيىنىڭ ئۆزى بىر ناخشا، گېرمانىيە مېلودىيە ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ. گېرمانىيىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ داھىيلىرى بېتخوۋېن باشچىلىقىدىكى بۈيۈك گېرمان كومپوزىتورلىرىدۇر» دەپ قارىغاچقىمۇ، ناخشا - مۇزىكىنى ناھايىتى ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىكەن. بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. ئۆزىمىزنىڭمۇ ناخشىغا قەۋەتلا ئامراقلىقىمىز مېنى بۇ ژانىرنى تاللاشقا دەۋەت قىلدى.

— «تار كوچا» نىڭ تېكىستىنى يېزىش جەريانىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

— مەن شۇ قېتىم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ زىيارەتتە بولدۇم. «موسكۋا كېچىسى» ناملىق ناخشىنى سوۋېت خەلقى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. رۇسلار ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە مۇشۇ ناخشىنى ئوقۇپ موسكۋانى قوغدىغان بولسا، ھازىر بۇ ناخشا ئارقىلىق بۇ گۈزەل شەھىرىدىن پەخىرلىنىدىكەن. مەن «موسكۋا كېچىسى» نىڭ تېكىستىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن بىرەرمۇ دەبدەبىلىك ئىبارىنى تاپالمىدىم. پۈتۈن تېكىست موسكۋا شەھىرىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن ئەڭ ئاددىي، ئەڭ چۈشىنىشلىك سۆزلەردىن پۈتكەنىكەن. مەن ناخشا تىلى خەلق تىلىدىن يىراقلىشىپ كەتكەندە، ناخشىنىڭمۇ خەلقتىن يىراقلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى قايتا ھېس قىلدىم. «تار كوچا» نىڭ تېكىستىنى يېزىشتا مۇشۇ تەرەپلەرگە كۆپرەك ئەھمىيەت بەردىم.

— ئۇنداقتا، ناخشا تېكىستى شېئىردىن قانداق پەرقلىنىشى كېرەك؟

— سىزمۇ بىلىسىز، مۇزىكا ناخشىنىڭ جېنى. ئەگەر تېكىست مۇزىكىغا ماسلاشتۇرۇپ يېزىلسا، مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ناخشا شېئىرىي پىكىر بىلەن مۇزىكىلىق ھېسسىياتنىڭ بىرلىشىشىدۇر. شېئىرنىڭ سەۋىيىسى ھېسسىياتنىڭ تېرەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ياخشى شېئىر - ياخشى تېكىست بولالايدۇ. سەنئەت ئېگىز تەرەققىي قىلغان مىللەتلەردە بۇ قاراش ئەڭ ئومۇملاشقان. ئەمما، مىللىتىمىزدە ناخشا تېكىستىگە ئەھمىيەت بېرىش ئادىتى تېخى ئەمدىلەتىن يېتىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ياخشى دەپ قارالغان شېئىرلاردا تىنىدىنسىيىلىك خاھىش قويۇق، ئاددىي خەلق تىلى بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىلغان، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىرلار كەم بولۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇر ناخشىچىلىقىدا تىنىدىنسىيىلىك شېئىرلارنى ناخشا تېكىستى ئورنىدا ئىشلىتىش تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ. تېكىست ئىجادىيىتىدە خەلقىمىزنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىنى نەزەرگە ئېلىش زۆرۈر.

— مۇزىكا ئىجادىيەت ئۇسلۇبىڭىز ھەققىدە بىر نېمە دەپ بەرسىڭىز قانداق؟

— ھازىر خەلقىمىز مىللىي ئۇسلۇب بىلەن ئاممىباب ئۇسلۇبتىكى ناخشىلارنى بەكرەك ياقتۇرۇۋاتىدۇ. مەن خەلق ياقتۇرىدىغان ناخشىلارنى كۆپرەك ئىجاد قىلىش ئۈچۈن ئىجادىيەتتە ئاممىباب ئۇسلۇبتا مىللىي پۇراقنى قانداق ئىپادىلەش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمەن. بۇنىڭغا «بوغدا ئاتا»، «سىرلىق تۇمان» ناخشىلىرىنى مىسال قىلاي. مېلودىيە خاراكتېرىدىن ئالغاندا بۇ ئىككى ناخشا مىللىي ئۇسلۇبقا ياتىدۇ. مەن بۇ ناخشىلارغا زامانىۋى پۇراق بېرىش جەھەتتە خېلى كۆپ ئىزدەندىم. ناخشىچىلارغىمۇ شۇ خىل تەلەپنى قويدۇم. نەتىجىسى تاماشىبىنلارغا ئايان.

— سىز ناخشا ئىجادىيىتىدە ئۆزىڭىز يازغان تېكىستكە ئۆزىڭىز مۇزىكا ئىشلەشنى ئاساس قىلىۋاتىسىز. بۇ ئالاھىدىلىكنى ناخشىلىرىڭىزنىڭ، جۈملىدىن «تار كوچا» ناخشىسىنىڭ زور ئالقىشقا سازاۋەر بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەب دەپ قاراشقا بولامدۇ؟

— ھەر بىر ناخشىنىڭ قۇرۇلمىسىدا بىر خاسلىق بولىدۇ. بۇنى تېما بەلگىلەيدۇ. شېئىر بىلەن مۇزىكىلىق ھېسسىيات مۇشۇ خاسلىققا ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن ئىجادىيەتتە بۇ خىل مەقسەتكە خېلى يېقىن كەلدىم دەپ ئويلايمەن. بۇ ھەرگىزمۇ ناخشا ئىجاد قىلغۇچى

چوقۇم تېكىست يازالايدىغان بولۇشى شەرت دېگەنلىك ئەمەس. مەن پەقەت شائىر مۇزىكىدىن، كومپوزىتور شېئىرىيەتتىن پىششىق خەۋەردار بولۇشى كېرەك، دېمەكچى. ماھىيەتتىن ئالغاندىمۇ شېئىر بىلەن مۇزىكا قوشكېزەك. مەن «تار كوچا» نىڭ تېكىستىنى ياۋروپادىن قايتىش سەپىرىدە يازغان. مەن چەت ئەللەردە يۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم. بۇ تەسىرات «تار كوچا» نىڭ مۇزىكىسىغا ھېسسىيات خۇرۇچى ئاتا قىلدى. مەن يېزىۋاتقان تار كوچا پۈتكۈل ۋەتەنداشلىرىمنىڭ تار كوچىسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ مۇزىكىنى ئاۋام خەلقنىڭ تىنىقىدىن پۈتىدىغان ساپ مىللىيچە مېلودىيىلەر بىلەن تويۇندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۇنتۇمىدىم.

- سىز ئىلگىرى ئېلان قىلغان «شائىر، ناخشىچى، كومپوزىتور» ناملىق ماقالىڭىزدا بىر ياخشى ناخشىنىڭ شائىر، كومپوزىتور ۋە ناخشىچىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىرلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى يازغان ئىدىڭىز، بۇ پىكرىڭىز «تار كوچا» ناخشىسىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپامدۇ؟

- ئەلۋەتتە شۇنداق، مۇزىكىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ياخشى ئورۇندالمىغان سەنئەتنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ، ناخشا تېخىمۇ شۇنداق. بۇ ناخشا پۈتكەندىن كېيىن ئەستايىدىل كۆزىتىش نەتىجىسىدە ناخشىچى مىرزات ئالىمنىڭ ئاۋاز دائىرىسى كەڭ، ئاۋازىدىكى مىللىي پۇراق قويۇق، مىللىي ئۇسلۇبتىكى ناخشىلارنى ئېيتىش سەۋىيىسىمۇ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم ۋە ئاخىرى مىرزات ئالىمنى تاللىدىم. بىزنىڭ ھەمكارلىقىمىز ناھايىتى جاپالىق بولدى. مىرزات ئالىم بۇ ناخشىنى توپتوغرا ئىككى يىل مەشق قىلغاندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي سەھنىگە ئېلىپ چىقتى.

- ئۇنداقتا، ناخشىچىنى تاللاش ھەقىقەتەن مۇھىمكەن - دە؟

- بۇنى تاللاش دېگەندىن كۆرە ئۆز ئارا تاللىنىش دېگەن تۈزۈك. مەن ئالدى بىلەن ناخشىچىنى ئۆگىنىمەن. ئۇنىڭ ئاۋاز دائىرىسىنى، ئورۇنداش ئۇسلۇبىنى، ئاۋاز تۇسىنى، پۇراق چىقىرىش ئالاھىدىلىكىنى، كەسپىي بىلىم سەۋىيىسىنى پۇختا ئۆگىنىمەن. ئاندىن ئۇلارغا خاس ناخشىنى يېزىپ چىقىمەن. ئەگەر مېنىڭ ناخشىچىنى ئۆگىنىشىم يېتەرلىك بولمىسا، ناخشا ئۇنىڭغا چۈشمەيدۇ. بۇ چاغدا ناخشىچىمۇ تاللايدۇ.

دېمەك، ناخشىمۇ، ناخشىچىمۇ تاللىنىدۇ. «بۇغدا ئاتا» ئىجادىي تۇسى قويۇقراق مىللىي ئۇسلۇبتىكى ناخشا. بۇ ناخشىدىكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتە ئاممىباب ئۇسلۇبنىڭ ئۇرغۇن پايدىلىق ئامىللىرىنى سىڭدۈرۈشكە توغرا كەلگەچكە، بۇ ناخشىنى ئىززەت ئېلىياس ئېيتتى. «سىرلىق تۇمان» - ھازىر پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم مەسىلە تېما قىلىنغان ناخشا. مەن بۇ ناخشىدا زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ مۇدھىش چاڭگىلىدا جان تالىشىۋاتقان بىر ياشنىڭ ھەسرىتىنى ئىپادىلەشكە تىرىشتىم. شۇڭا بۇ ناخشىدا چوقۇم ھەسرەت بولۇشى كېرەك ئىدى. ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ ئاۋازىدىن مەن بۇ خىل پۇراقنى بايقىدىم. مەن ناخشىچىلارنى ئەنە شۇنداق تاللىدىم. ئۇلارمۇ رازى بولۇشقان ھالدا: «بۇ ناخشىلار بىزنىڭ ياخشى دوستىمىز بولۇپ قالدى. بىزنى ئايرىۋەتمىگەيسىز» دېيىشتى. مانا بۇ كەسپىي مۇھەببەت!

- سىزنىڭچە، ئۇيغۇر ناخشىچىلىقىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يولى قانداق بولار؟

- بۇنى ھېچقانداق بىر شەخس بەلگىلىيەلمەيدۇ. ھەر بىر ئىجادىيەتچىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى، قارىشى بولىدۇ. ئەمما، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىز يەنىلا مىللىي سەنئەت قۇۋۇرغىمىزدىكى 12 مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىدىن ئىبارەت پۈتمەس بۇلاقلارنىڭ سۈيىنى ئىچىمىز. لېكىن دەۋر تەلىپى ناتۇراللىقتىن بىزار، ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ئىجادىي پىكىرنىڭ سالمىقىدا. يېڭىلىققا ئىنتىلىش - ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى. ئېستېتىك زوقلىنىشنىڭ روشەن مىللىيلىككە ئىگە بولۇش ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي روھنى ئىپادىلەش ئىجادىيەتنىڭ جېنى ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن.

- بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ناخشا ئىجادىيىتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنامسىز؟

- مەن خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن سەنئەتنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرى ئۈستىدە ئىزدەندىم. ئەمما، يېقىندىن بۇيان بەزى ناخشىلىرىمنىڭ ئالقىشقا ئېرىشىشى ماڭا خەلقىمىزنىڭ مېنىڭ ناخشا ئىجادىيىتى جەھەتتىكى قابىلىيىتىمدىن كۆپرەك ئۈمىد كۈتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. قەلبىمدە «گۈزەل كۈيلەر» تېخى كۆپ. ھېسسىيات بۇلىقىنى ئۇرغۇتالىسام خەلق ياقتۇرىدىغان ناخشىلارنىڭ يەنە مەيدانغا چىقىشىدىن ئۈمىد بار.

- ناخشىلىرىڭىزنىڭ ھەر بىر كوچىدا ياڭراپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. خەير - خوش، ئامان بولۇڭ.





(كىنو سىنارىيسى)

## زوردۇن سابىر

سېمونت زاۋۇتىنىڭ بىنالىرى، كوچىلار، باغلار ئېكراندىن ئۆتىدۇ.

بىر - بىرىگە يانداش ئىككى بالكوندا ئىككى ئايال گەپ تالاشماقتا. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا نەۋرىلىرى بىر - بىرىگە بىر نەرسىلەرنى ئېتىشماقتا.

باقىنىڭ ئايالى: ئەپلەشمىگەنلا ئىشىكلارنى بىزدىن كۆرىسىلەر. ئۆيۈڭلارنىڭ ھاكلىرى تۈتمىسىمۇ باقىنى تىللايسىلەر، ئۆمەر بالاڭلار قاماققا كىرىپ قالسىمۇ شۇ. ئايىغىنىڭ پاشنىسى چۇشۇپ قالسىمۇ قادىرنىڭ ئاغزىغا باقى كېلىدۇ.

قادىرنىڭ ئايالى: ھەممىگە چېپىلغاندىكىن شۇ! كىم ئۇنى ھەممە ئىشقا ئارىلاشسۇن دەپتۇ.

باقىنىڭ ئايالى: ئارىلىشىدۇ، ئىشچىلار.



كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۈيۈشمىسىنىڭ رەئىسى بولغاندىكىن ئارىلىشىدۇ، شۇنداق. ئىشچىلار ئۇنى ئارىلاشسۇن، دەپ، سايلىغان.

قادىرنىڭ ئايالى: تويىمىزمۇ سىلەرنىڭ قەمەرنىڭ كاساپىتىدىن بۇزۇلدى. بۇنى ھەممە خەق بىلىدۇ. بولۇپ بولغان توي، قەمەرمۇ پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن...

باقىنىڭ ئايالى: ھە، قەمەر نىمە قىپتۇ. رەخمەنىڭ خۇيىدىن كۆرسىلە، قىزلىرىنىڭ خۇيى يامان، ئىچى تار، كۆزى كىچىك، تىلى زەھەر!

قادىرنىڭ ئايالى: ۋۇي، گەپ قىلمىسام قىزىمنى تىللىغىلى تۇردىلىغۇ؟ سىلىنىڭ قىزلىرىچۇ؟ غىلجىڭ، شاللاق، ھاكاۋۇر، مەنمەنچى!

باقىنىڭ ئايالى: غىلجىڭ بولسىمۇ، شاللاق بولسىمۇ، ئالىي مەكتەپنى تۈگەتتى. سىلىنىڭ قىزلىرىدەك چاڭ - توزان يەپ، قاسماقلىشىپ كەتمىدى...

قادىرنىڭ ئايالى: قاسماقلاشسىمۇ گېپى چىقمىدى.

باقىنىڭ ئايالى: گېپى چىقىپ نىمە قىپتۇ. تۇتۇلۇپ قاپتىمۇ يا، سىلىنىڭ ئۆمەرلىرىدەك؟

قادىرنىڭ ئايالى: ئۆمەر بالام نىمە قىپتۇ. ۋىيەي تېخى...

شۇ چاغدا بالكونلاردا قەيسەر بىلەن باھار پەيدا بولىدۇ - دە، ھەر ئىككىسى ئۆز ئاپىلىرىنى ئۆيلىرىگە تارتىشىپ ئەكىرىپ كېتىدۇ. نەۋرىلەر قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ بىر - بىرىگە قول شىلتىشىپ ئۆز ئارا چاقىرىشىدۇ.

قەيسەر بىلەن باھار بالكونلىرىدا شەرەت بىلەن سۆزلىشىدۇ.

* * *

سەھەر قۇياشى «دېرىزە»، گۈل تەكچىلىرىدە ئەكس ئېتىدۇ. ئۇنئالغۇلاردىن يېقىملىق مۇزىكىلار ئاڭلىنىدۇ. نەۋرىلەر قاقاقلىشىپ كۈلۈشىدۇ. ئىككى بالكوندا يەنە قادىرنىڭ ئايالى بىلەن باقىنىڭ ئايالى پەيدا بولىدۇ.

قادىرنىڭ ئايالى قاقاقلاپ كۈلۈپ، ياپىاچلىرىغا ئۆرۈپ سۆزلەيدۇ:

— رەخمەنىڭ تاپقان ئادىمىنى قارىسامىلا، بىر مۆلۈك، ئىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئايلىقىنى سانىمايلا يانچۇقىغا سالارمىش، ياتقىنىغا ئەكىلىپ چامادانغا تاشلارمىش. پۇل سانىمىغىلى ئۈچ يىل بوپتىمىش، بۇدا توي قىلىمىز دېيىشىپ قىزىم بىلەن ئىككىسى ساناپتىكەن، يىگىرمە كويچىنى كەم ئالتە مىڭ كوي يىغىلىپتۇ. ھا - ھا - ھا... بىزنىڭ ئۆمەر ھېسابتا ئۇنىڭغا ئاكا يوللۇق. ئەمما لېكىن ئۇ بىر كويچەنمۇ پۇل يىغمىدى. ئۈچ قېتىملىق تويغا بولسا يىگىرمە نەچچە مىڭ كويچەن كەتتى. زۇنۇن قانداق بالا، ئۆمەر قانداق بالا؟

باقىنىڭ ئايالى: زۇنۇن ياخشى بالا، كۆيئوغۇلدىن تەلەيلىرى بارىكەن.

قادىرنىڭ ئايالى: رەخمەنىڭ تويىنى قىلىپلا ئارقىدىن باھارنىمۇ...

باقىنىڭ ئايالى: ئالدىراپ قالىلا. باھار تېخى كىچىك.

قادىرنىڭ ئايالى: كىچىك دەملا؟ بىز ئانىلارغا كىچىك كۆرۈنىدۇ. قەيسەردىن ئىككى ياش كىچىك ناھايىتى.

باقىنىڭ ئايالى: قەيسەرمۇ كىچىك!

قادىرنىڭ ئايالى: كىچىكمىش تېخى. كىچىك بولسا خەقنىڭ قىزىنى موتسىكلىتىنىڭ كەينىگە قوندۇرۇۋېلىپ چېپىپ يۈرەمتىكى. تېزرەك ئۆيلەپ قويسىلا دەيمەن.

باقىنىڭ ئايالى: ئاچىسى تۇرسا. قەمەر تېخى خىزمەتكە ئورۇنلاشمىدى. ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكىنى بىلەن تېخى بالا. چىنىسىگە نان سېلىپ يۇمشىتىپ قويمىسام دودۇلىنىدۇ تېخى! ھا - ھا - ھا.

قادىرنىڭ ئايالى: ئەركىلەيدۇ. بىزنىڭ ئۆمەر چېغىدا ئەركىلەيدۇ. ئۈچ قېتىم ئۆيلەندى، تېخىچە بالا. ئەتىگەنلىكى قولىقىنى سوزمىسام ئويغانمايدۇ. بېرىم كېچىدە مەست كېلىپ قىنتالاڭ قىلىپ بېرىسەن دەپ زورلۇق قىلىدۇ. كۈندە كىينىم يۇتكەيدۇ. پايپاقلىرىنى قاتۇرۇپ تاشلاپ بېرىدۇ. ئۈچ ئايلىق قەغىش بوۋاقتىنىمۇ ئۆتە غەلۋىسى تولا. ھا - ھا - ھا.

باقىنىڭ ئايالى: راست، ئۆمەر تېخىچە ئادەم بولمىدى. بولمىسا زۇنۇندىن چوڭ. قارىسىلا،

زۇنۇن ئەخلاقلىق بالا بولدى. ئۆزى تېخنىك، ئەمۇنچى، قولىدا ھوقۇقلى، زاۋۇتتا ئىناۋىتى، چامادانىدا پۇلى بار، يۈزى چوڭ، قولى ئۇزۇن دېسىلە. خۇدايىم ئۆمرىنى بەرسۇن بۇ بالىنىڭ. ئۆمەر نەدە، زۇنۇن نەدە!

قادىرنىڭ ئايالى: ئۇنچىۋالامۇ دەپ كەتمىسىلە، بىزنىڭ ئۆمەرمۇ كوچىدا قالغىنى يوق. ھەر نېمە بولسىمۇ ئېيىغا تۆت - بەش يۈز تەڭگە تاپالايدۇ.

باقىنىڭ ئايالى: پۇلنىغۇ تاپىدۇ، لېكىنزە.

..

قادىرنىڭ ئايالى: نېمانداق سىلىنىڭ لېكىنزەلىرى تۈگىمەيدۇ. سىلە بىلەن بىز 30 يىللىق قوشنا. باقى بىلەن قادىر 40 يىللىق ئاغىنىكەن. سىلە مېنى قانچىلىك بىلسىلىرى، مەنمۇ سىلىنى شۇنچىلىك بىلىمەن. مېنىڭ مۇشۇ ئۆمەر بالام سىلىگە يارىماي قالدىغۇ زادى. بىرمۇ ياخشى گېپىنى قىلمايلا.

باقىنىڭ ئايالى: سىلىنىڭ باللىرى مېنىڭ بالام. مېنىڭ بالام سىلىنىڭ باللىرى. ئەمما، لېكىنزە...

قادىرنىڭ ئايالى: (دورايدۇ) ئەمما، لېكىنزە... ھا - ھا - ھا... توي يېقىنلىشىپ قالدى قوشنام. باشقا گەپنى قويۇپ يوتقان شىرايلى دەيمەن.

ئىككىسى: ھا - ھا - ھا...

* * *

ئوبدان سەرەمجانلانغان ئۆي. تولغان داستىخان. چىرايلىق، زامانىۋى قىز قەمەر مەغرۇر ۋە نازلىق قىياپەتتە سۆزلىمەكتە:

- قويسىڭىزا دادا، سىزگە زاۋۇت بولسىلا بولدى. دۇنيادا زاۋۇتتىن ياخشى يەر يوقتەك.

- ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن قىزىم، مەن بۇ يەردە 40 يىل ئىشلىدىم ئەمەسمۇ، زاۋۇت ئۆيۈمگە ئوخشايدۇ، - دەيدۇ باقى كۈلۈپ تۇرۇپ.

- لېكىن بىزگە ئۇنداق ئەمەس!

- ساڭا ئېسىل ئىشخانا، رېستوران، تانسىخانا، كارا OK بولسىلا بولدى - دە! - دەيدۇ باقىنىڭ كىچىك ئوغلى قەيسەر.

- قەيسەر! - دەيدۇ باقى ئوغلىغا قاراپ قويۇپ.

قەيسەر ھەدىسىگە ئالىيدۇ. قىز ئالدىدىكى چاينى دوق بىلەن ئىتتىرىدۇ. قەيسەر ئورنىدىن تۇرۇپ سائىتىگە قارايدۇ ۋە دادىسىغا قاراپ:

- بۈگۈن كېچىلىك سىمېنىدا ئىشلەيمەن دادا، ئەنسىرەپ ئىش ئورنىغا بېرىپ يۈرمىگىن - ھە؟

- بالام، سەنمۇ باشقىلاردەك كۈندۈزى ئىشلىسەڭ بولمامدۇ، ۋاي - ۋۇي، ھەدەڭ ئىچكىرىدە ئالتە يىل ئوقۇپ قايتىپ كەلسە، بىرەر كۈن رۇخسەت سوراپ بىللە يۈرەيمۇ دېمىدىڭ، قانداق ئادەم بولۇپ قالدىڭكىنتاڭ!

باقىنىڭ ئايالى ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ قەيسەرگە ئانىلىق مېھرى بىلەن تەلمۈرۈپ قارايدۇ ۋە:

- يەنە توپا قازامسىنا؟ - دەپ سورايدۇ.

- باشقا نېمىمۇ قىلالايتتى ئۇ! - دەيدۇ قەمەر تەنە بىلەن كۈلۈپ، - توپا قېزىشنى چاشقانمۇ بىلىدۇ.

- ئۇنداق دېمەڭ قىزىم، - دەيدۇ باقى كۈلۈپ قويۇپ، - مەنمۇ توپا قېزىپ، تاش چېقىپ سىلەرنى چوڭ قىلغان. قەيسەر قېزىش ماشىنىسىدا توپا قازىدۇ. بىر كۈندە 120 ماشىنىغا توپا قاچىلايدۇ. ئەمگەك نەمۇنچىسى بولدى، ئېيىغا 400 سوم ئالىدۇ، قىزىم!

- پۇل تاپسىلا بولدى سىلەرگە! - چالۋاقايدۇ قەمەر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، - دۇنيا پۇل بىلەن ئەمەس، ئىلىم - پەن بىلەن گۈللىنىدۇ، دادا. قەيسەر ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالايتتى، سىلەرنىڭ بوشاڭلىقىڭلاردىن چاشقاندەك توپا كولايدىغان ئادەم بولۇپ قالدى! - دەپ ئورنىدىن تۇرىدۇ چىرايلىق سومكىسىنى مۈرىسىگە سېلىپ، - مەنمۇ كېچىلىك سىمېنىدا ئىشلەيمەن، - دەيدۇ تەنە بىلەن، - ياتىڭجاڭ دېگەن ئادەمنى كۈندۈزى تاپقىلى بولمايدىكەن. قىزى بىلەن دېيىشىپ قويغان، بۈگۈن ئاخشام ياتىڭجاڭ مېنى قوبۇل قىلماقچى. خىزمەت مەسىلەمنى ئۆزۈم مېڭىپ ھەل قىلمىسام، ماڭمىدىغان ئادەم يوق ئوخشايدۇ.

بالىلار كەينى - كەينىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

باقىمۇ ئورنىدىن تۇرىدۇ.

- نەگە؟

www.uyghurkitap.com

- نەگە دەمسىنا؟ مەنمۇ كىچىلىك سىمىنىغا - ھاشىم كاتاڭنىڭكىگە.

- نېمە قىلىسىز ئۇ يەردە؟

- قىزىنغا تويلۇق سالماقچىكەن!

باقى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئايالى جوزا يىغىشتۇرۇۋېتىپ ئۆزىچە سۆزلەيدۇ. ئىككى نەۋرىسى كۆزلىرىنى مومىسىغا تىكىپ ئاڭلايدۇ.

- ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسىمۇ ئىش تېپىپ. ماجرا سوراۋاتقان، مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان، تويلۇق سالسا خاتىرىلەۋاتقان، ئەلچىلىك قىلىۋاتقان، ئۆلۈكنىڭ يۇغۇچىغا كىرىۋاتقان، ئىگىكىنى چىتىۋاتقان! . . .

- نېمىشقا تويلۇق سالىدۇ، چوڭ ئاپا؟

نەۋرىلەرنىڭ سوئاللىرىغا چوڭ ئاپىسى قاقاقلاپ كۈلۈش بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

* * *

تاشلىق، چوڭقۇر ئويمان. قەيسەرنىڭ توپا قېزىش ماشىنىسى ماشىنىلارغا توپا قاچىلىماقتا. قادىرنىڭ قىزى باھار قەيسەرنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ ناخشا ئېيتماقتا. ئەتراپ چىراغلار بىلەن يورۇغان. ماشىنىلار چوڭقۇرلۇقتىن قاتارلىشىپ چىقىپ يىراقلارغا چاپماقتا. قەيسەرنىڭ ماشىنىسى ماھىر قولدەك رىتىملىق، تېز ئىشلىمەكتە. باھار روھلىنىپ ناخشا ئېيتماقتا:

كۆزدە لەختە ياش بىلەن،
خوشلىشىپ قۇياش بىلەن.
بىر كۈن ئۆتتى تەلمۈرۈپ،
يولۇڭغا قاراش بىلەن.

ئويناشما كۆز ياش بىلەن،
قىينىما ئالداش بىلەن.
خورلىما چىن سۆيگۈنى،
بىر تەلۋە قىيداش بىلەن.

تاشلىق سايدىكى پاكار قارىياغاچ ئاستىدا باقى كۆرۈندۇ. ئۇ بالىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن كېچىلەپ ئىشلەشكە ئامراقلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ خۇشال بولدۇ ۋە ئۆز - ئۆزىگە:

- ھەي ياشلىق، ھەي ياشلىق! - دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدۇ.

* * *

كۆكتات بازىرى.

باقىنىڭ ئايالى كۆكتات ئالماقتا. باقى قادىرنىڭ تارازىسىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ تەنقىدلەيدۇ:

- پەمىدۇرنىڭ باھاسىنىمۇ ئۆرلىتىۋاپسەن. تاختاي باھاسىدىن يەتتە موچەن قىممەت. تارازاڭ چاتاق. ياماڭنى يىغىپ مەن بىلەن بازار باشقۇرۇشقا ماڭ!

- نېمە؟ نېمىلەرنى دەپ بىلجىرلايسەن ھوي، ئۆمرۈمدە بىرسىنىڭ قىلدەك ھەققىنى يېمىگەن ئادەممەن، ھېچنەگە بارمايمەن!

- ئۇنداق قىلما قادىر!

- سەنمۇ ئۇنداق قىلما باقى!

- بۇ دېگەن ھۆكۈمەتلىك ئىش!

- بۇچۇ؟ جانجان مەنپەئەت!

- باشقىلارنىڭ قان - تەرىنى شوراشمۇ؟

- ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە باقى. كىمنىڭ قېنىنى شوراپتىمەن. مەن دېگەن پېنسىيىگە چىققان. شىفى، شىفى[1]

- سەن دېگەن ئىشچى، ئىشچى.

- سەن ئەمدى مېنى باشقۇرالمايسەن باقى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولساڭ ئۆزۈڭگە! مەن سەندىن قۇتۇلغان ئەركىن ئادەممەن!

- پېنسىيىگە چىققان بىلەن زاۋۇتتىن چىقمىدىڭ، مەن سېنى باشقۇرالايمەن. يۈر قادىر، تولا كاجلىق قىلماي يۈر!

- بارمايمەن، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل. ئۆي تەقسىم قىلىشتا، مۇكاپات بېرىشتە، ساناتورىيىگە، ئېچكىرىگە ئېكسكۇرسىيىگە ئاپىرىشتا ئەجەب مېنى تونۇمايدىكەنسەن، تارازا ئۆتسام تونۇيدىكەنسەنا!

- ئۇ دېگەن ھۆكۈمەتلىك ئىش؛ تولا دادىلىماي ماڭ قادىر!

- ماڭمايمەن!

باقى قادىرنىڭ قولىدىن تۇتۇشىغا قادىر ئۇنى سىلكىيدۇ. ئۇلارنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى

---

[1] شىفى - ئۇيغۇرچە چاڭ - توزاندا زەخىملىنىش كېسىلى.

ئۆچۈرۈشىدۇ.

* * *

قەيسەر بىلەن باھار موتسىكىلىتتا مىنگەشكەن ھالدا ۋارقىرىشىۋاتقانلارغا قىزىقىپ قارىشىدۇ.

— دادىلىرىمىز ۋارقىرىشىۋاتىدۇ! — دەيدۇ باھار.

— بالىلىرى سۆيۈشۈۋاتىدۇ! — دەيدۇ قەيسەر باھارنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويۇپ.

— قەيسەر!

— باھار!

ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىك كۆزلىرى ئۆچۈرۈشىدۇ.

* * *

شەھەر مەركىزىدىكى كاتتا رېستوران.

كەچكى قايناق سورۇن. مۇزىكا، تانسا، كۈلكە - چاقچاق ئەۋجىگە چىققان. چىرايلىق كىيىنگەن ياشلارنىڭ چىرايلىرىدا شادلىق، غۇرۇر، ئۈمىدۋارلىق چاقنايدۇ.

ئېكراندا خىلمۇ خىل يېمەكلىكلەر، ئىچىملىكلەر بىلەن تولغان بىر جوزا كۆرۈنىدۇ. قەمەر ئېكراننى تىرەپ خىيال بىلەن ئولتۇرىدۇ. يېنىدىكى يىگىت ئۇنىڭغا خۇشامەت ۋە ھەۋەس بىلەن سۆزلىمەكتە:

— روھسىزلانماڭ قەمەر، تاغام چوقۇم سىزنى نازارەتنىڭ ئۆزىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ!

قەمەر ھېچنەرسىنى ئاڭلىمايدۇ. ئۇنىڭ خىيالى زاۋۇتقا كېتىدۇ.

... ئوت يۈركۈپ ئايلىنىۋاتقان خۇمدان. پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوتنى كۆزىتىۋاتقان قاۋۇل، چىرايلىق يىگىت. تاسمىلاردا كېلىۋاتقان تاشلار، چۈشۈۋاتقان سېمونت؛ قولاقلىق شەپكە كىيگەن چىرايلىق بىر قىز ئېكراندىن ئۆتىدۇ.

قەمەر چۆچۈپ كېتىدۇ:

— ئۇلار ئىككىسى ھە؟...

ئېكراندىن ئۆتكەن يىگىت زۇنۇن، قىز بولسا رەھىمە. رەھىمە قەمەرنىڭ رەقىبى، ئۇلار بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن ئاشۇ زۇنۇننى تالىشىپ روھىي جەھەتتە قاتتىق ئېلىشقان. بۇ ئېلىشىش ئاخىرلاشمايلا قەمەر ئوقۇشقا كەتكەن. ئۇلارنىڭ بىر زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقانلىقى قەمەرگە مەلۇم. لېكىن ھازىر ئۇلارنى ئالتە يىلدىن كېيىن كۆرۈپ كونا كۈندەشلىكنىڭ قوزغىلىشىنى ئويلىمىغانىدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ توي قىلماقچى بولغانلىقى قەمەرگە قاتتىق زەربە بولۇپ تۇيۇلدى. چۈنكى قەمەر ھەممىلا ئىشتا بىرسىدىن مەغلۇپ بولۇشنى خالىمايدىغان مەغرۇر قىز.

— كىملەرنى دەيسىز قەمەر؟ - دەپ سورايدۇ يېنىدىكى يىگىت قەمەرنىڭ چۈشكۈن روھىنى كۆتۈرمەك بولۇپ خۇشامەت بىلەن ياسالما كۈلۈپ،

— كەچكىچە سېمونتتا مىلىنىپ يۈرىدىغان زۇنۇن بىلەن رەھىمەنىڭ توي قىلىشىغا نېمانچە كۆڭۈل بۆلىسىز، ئەرزىمەيدۇ!

— نېمە؟

— كۆڭۈل بۆلگۈچىلىكى يوق ئىش دەيمەن - دە!

— ئۇلارمۇ ساۋاقداشمىزغۇ؟

— بۇرۇن شۇنداق بولغان، لېكىن ھازىر..

— ھازىر نېمە بوپتۇ، ئەركىن؟

— نېمە بولاتتى، بىلىسىزغۇ، ئۇلار قارا ئىشچى، بىز دېگەن ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن زىيالىي، كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى.

— گېپىڭىز نېمانچە سۈپەتسىز ئەركىن. خۇددى ئۆزىڭىزدەك.

— نېمە، ئۆزۈم قانداقكەنمەن؟ ئىنقىلابىي شوئارلارنىڭ ھازىر بازىرى كاسات، قەمەر!

— ئىنسانىي پەزىلەتنىچۇ؟ ئۇنىڭمۇ بازىرى كاساتمۇ؟

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا زاۋۇتتا ئىشلىمەستىن، ياخشى يەردىن خىزمەت ئىزدەيسىز؟

— بۇ باشقا گەپ.

— مەنىسى بىر. ئىشچى بولۇشنى خالىمايسىز - دە؟

— ئۆز رولىمنى ياخشىراق جارى قىلدۇرسام دەيمەن. بۇنداق قىلىشىم ھەرگىزمۇ ئىشچىلارنى كەمسىتكەنلىكىم ئەمەس. مېنىڭ ئاتا - ئانامۇ ئىشچى، مەن شۇلارنىڭ نېنىنى يەپ چوڭ بولغان. ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغىنىم يوق تېخى!

قەمەر خاپا بولۇپ دومسىيىدۇ. ئەركىن

قەمەرنىڭ ئاجايىپ پاسوندا تىكىلگەن كىيىملىرى، قولاقلىرىدىكى يوغان، غەلىتە ھالقىسى، مۈرىسىدە يەلپۈنۈپ تۇرغان گۈزەل چاچلىرى، قوللىرىدىكى خىنە، لەۋلىرىدىكى گىرىملىرىگە تىز، بىرمۇ بىر قاراپ چىقىپ مىيىقىدا، مازاق ئارىلاش كۈلىدۇ:

— ئۆزىڭىزنى تېخىچە تونۇپ يەتمىگەن ئوخشايسىز، قەمەر؟

— ئۆزۈمنىلا ئەمەس، سىزنىمۇ تازا تونۇپ يەتتىم.

* * *

زاۋۇت مىللىي ئاشخانىسى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى. ئۆچىرەتتە تۇرۇپ تاماق ئېلىۋاتقان ياشلار ئارىسىدا زۇنۇن بىلەن رەخىمە كۆرۈندۇ. ئۇلار ئىشچى كىيىمى بىلەن. بىر نەچچە يىگىت رەخىمەنىڭ سالپاڭ قولاق باش كىيىمىنى زاڭلىق قىلىدۇ:

— بۇ قولاق بىلەن ھەر قانداق خەۋەرنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ، ۋەي!

— جۇباجىپى بىلەن ئاكا - سىڭىلمۇ قانداق؟ ۋەي!

زۇنۇن تاقەت قىلالماي ئۆچىرەتتىن چىقىپ ھېلىقى بەڭباش ياشلارنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ:

— دادىلىرىڭ مۇشۇ باش كىيىم بىلەن ئىشلەپ، سەنلەرنى بېقىپ چوڭ قىلغان، كىمنى مازاق قىلىۋاتقىنىڭلى بىلەمسەن!

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ قاسماق؟

— بىزگە تەربىيە بەرمەكچىمۇ سەن تېخى!

— ھۇ ئاناڭنى، ساڭا بۇ گۈيىنى! - ئۈچ يىگىت دىۋەيلىشىدۇ.

— ئەخلاقسىز نېمىلەركەنغۇ بۇلار، قويۇڭ زۇنۇن! - رەخىمە خەزەپلەنگەن زۇنۇننى تۇتۇۋالىدۇ. جېدەل چىقىشقا ئاز قالغاندا، پاندىكى كىچىك ئاشخانىدا مېھمانلارغا زىياپەت بېرىۋاتقان زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىبراھىم يۈگۈرۈپ چىقىدۇ:

— توختا!

زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھېلىقى بەڭباشلار كەينىگە چېكىنىدۇ. قوللىرىغا كەپكۇر، نوغۇچلارنى تۇتقان ئاشپەزلەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىدۇ.

ئاشپەز A: قېنى زۇنۇنغا چېقىلىپ باقسۇنچۇ!

ئاشپەز B: ئاپلا، چاڭجاڭ ئارىلىشىۋالدى - دە! بولمىسا تازا ئەدىبىنى بېرىپ قوياتتۇق!

بىر قىز بىلەن نېرىقى جوزىدا تاماق يەپ ئولتۇرغان قەمەر بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ دوستىغا دەيدۇ:

— زۇنۇننىڭ ئەجەب قوللىغۇچىلىرى كۆپكىنا؟

— ئۇ ھەر يىلى ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ سايلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟

— نەمۇنىچى ئابرويلۇق بولامدۇ؟

— ھەئە، بىزنىڭ زاۋۇتتا شۇنداق.

قەمەر خىيالغا پاتىدۇ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدۇ. ئۇ، باشلىرىنى يېقىن قىلىپ ئالدىراپ تاماق يەۋاتقان، كېيىن ئاشخانىدىن بىللە چىقىپ زاۋۇتقا ماڭغان زۇنۇن بىلەن رەخىمەگە ھەم زوقلىنىش، ھەم قىزغىنىش بىلەن كۆز ئۈزمەي قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىسى يوتكەندىن كېيىن دوستىدىن:

— ئۇلارنىڭ تويى مۇشۇ شەنبە بولامدىكەن؟ - دەپ سورايدۇ.

— كىمنىڭ؟

— دەيمىنا!

— سارالڭ بولدۇڭمۇ؟

— ھا - ھا - ھا... - قەمەر كۈلكە بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتىدۇ.

* * *

سېمونت قاچىلاش سېخى.

ماسكا تارتقان قىز - يىگىتلەر تۆمۈر پەلەمپەيدىن كۆلۈشۈپ چىقىشىدۇ. قاچىلاش ماشىنىسىنىڭ بېشىدا مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ ماشىنا چىشلىرىدىكى قېتىشقان سېمونتنى ئۇشكە بولقا بىلەن چوقۇۋاتقان رەخىمەگە بىر يىگىت چاقچاق قىلىدۇ:

— ئەكىلىڭ رەخىمە، تويى بولىدىغان قىز بۇ ئىشنى قىلسا بولمايدۇ!

— چاقچىقىڭىزنى قويۇڭ، بۇگۈنكى ۋەزىپە ئېغىرراق، قېنى تەييارلىنىڭلار!

ئاپتوماتىك قاچىلاش، خالتىلارنىڭ تۆۋەنگە

مېڭىشى، خالتىلارنى تۇتۇپ بېرىۋاتقان ماھىر قوللار، تۆۋەندە يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ سېمونت قاچىلانغان خالتىلارنى ماشىنىلارغا بېسىۋاتقان ياشلار، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىكى جىددىيلىك، چاڭ - توزاندىن بىزار بولۇش ئېكراندىن ئۆتىدۇ. ئېكراندا ئاپتوماتىك كونترول قىلغۇچى ئەسۋابنىڭ يېنىدا تۇرۇپ سىترېلكىلارغا قاراپ سۆزلىشىۋاتقان زۇنۇن بىلەن شىياۋلىنىڭ سۆھبىتى ئاڭلىنىدۇ.

شىياۋلى: تېمپېراتۇرا نورمالنى!

زۇنۇن: پىشىشىق ماتېرىيالنىڭ سۈپىتى نورمالنى.

شىياۋلى: بىرسىمىز قاراساقمۇ بولىدۇ. زۇجاڭ بېرىپ ① توي تەييارلىقىنى قىلىۋېرىڭ.

زۇنۇن: جۇ ئۇستام كەلگەندىن كېيىن كېتەي - ھە!

شىياۋلى: جۇ ئۇستام قۇرۇلتايدا، كېلەلمەيدۇ.

زۇنۇن: ئۇنداق بولسا، مەن ئەتىگەنلىككە ئىشتىن چۈشىمەن.

ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قارايدۇ. تالا قاراڭغۇ. قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بىر قىز چىقىدۇ - دە، پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلىدۇ. زۇنۇن ھەيران بولۇپ:

- قەمەر! - دەيدۇ.

* * *

شىياۋلى: مەن ھازىرلا كېلىمەن! - دەيدۇ - دە، چىقىپ كېتىدۇ.

قەمەر: ئېلېكترونلۇق كونترول قىلىش ماشىنىسى ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلگەنمۇ؟

زۇنۇن: ھەئە.

قەمەر: سەككىز يۈز نەچچە مىڭ يۈەنگە دەيمەن؟

زۇنۇن: شۇنداق.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. قەمەر ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭىدۇ. زۇنۇن پۈتۈن دىققىتى بىلەن سىترېلكىلارغا قاراپ تۇرىدۇ.

قەمەر: سىزگە بۇ يەر كۆڭۈللۈك بولسا كېرەك - ھە؟

زۇنۇن: شۇنداق.

قەمەر: سىزنى ئۆستۈرۈپ سېخ مۇدىرى قىلغۇدەكمۇ؟

زۇنۇن: بىلمىدىم.

قەمەر: ئۆسۈپ زاۋۇت باشلىقى بولسىڭىزمۇ بۇ يەرنى يوقلاپ تۇرارسىزمۇ؟

زۇنۇن: شۇنداق.

قەمەر: رەخمەنىڭ ئىشى جاپالىقكەن. ئۇنى ئوبدانراق، پاكىزىرەك بىر ئورۇنغا ئالماشتۇرۇپ ئالارسىز - ھە؟

زۇنۇن: رەخمە ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى ھەل قىلالايدۇ.

قەمەر: ئاياللار ئارقا تېرەكسىز ھېچ ئىش قىلالمايدۇ - دە.

زۇنۇن: ئەرلەرمۇ شۇنداق.

قەمەر: جەمئىيەتشۇناسلىقتىن خەۋىرىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

زۇنۇن: شۇناسلىقنى بىلمەيمەن. تۇرمۇش بىزگە جىق نەرسىلەرنى ئۆگەتتى.

قەمەر: ھەقىقىي تۇرمۇشنى تېخى ئەمدى باشلىغىلىۋاتىسىز. مەن سىزنى تەبرىكلىگىلى كەلدىم.

زۇنۇن: بىمەھەل ئاۋارە بوپسىز. ۋاقىت كەلگەندە ئەل قاتارى تەبرىكلىسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ.

قەمەر: قانچىلىك خۇشال بولغىنىڭىزنى ئايرىم كۆرگۈم كەلدى.

زۇنۇن: ئەپسۇس، ھېچنېمە كۆرەلمىدىڭىز، قەمەر!

قەمەر: خاتالاشتىڭىز. مەن ھەممىسىنى كۆردۈم.

زۇنۇن: نېمىلەرنى كۆردىڭىز؟

قەمەر: يۈرىكىڭىزدىكىنىڭ ھەممىسىنى.

زۇنۇن: پاھ، قالتىسلىقسىز. يۈرىكىمدە نېمىلەر باركەن ئەمىسە؟

قەمەر: يۈرىكىڭىزدىمۇ؟ ئۇچۇقىنى ئېيتاي. مەن كەلمەستە ھاياجان، شېرىن خىيال بار ئىدى. ھازىر بىرلا ۋەھىمە قالدى.

زۇنۇن: ئالدىنقىسى توغرا، كېيىنكىسى تۆھمەت!

قەمەر: ئەكسىچە، كېيىنكىسى ھەقىقەت. سىز قەمەر بىلەن بىللە تۇرغىنىمنى رەخمە كۆرۈپ قالسا، تۈگەشكىنىم شۇ، دەپ ئەنسىرەۋاتىسىز.

---

① زۇجاڭ - گۇرۇپپا باشلىقى

زۇنۇن: سىز رەخمەنى چۈشەنمەيدىكەنسىز.

قەمەر: قىزلارنى يىگىتلىرىگە قارىغاندا، قىز دوستلىرى ياخشىراق چۈشىنىدۇ. سىز ھازىر روھىي جەھەتتىن پەدەزلەنگەن رەخمەنى بىلىسىز، ھەقىقىي رەخمەنى بىر بالىلىق بولغاندىن كېيىن بىلىسىز.

زۇنۇن: ئەرلەرمۇ ئۇنچىلىك پاراسەتسىز ئەمەس. سىلەردىن پەرقىمىز، بىلگەنلىرىمىزنى بىلمەسكە سېلىۋالالايمىز شۇ.

قەمەر: ئارتىسلىق قىلالايمىز دەڭا؟

زۇنۇن: بولۇپمۇ ئەقىللىق قىزلار بىلەن ئۇچراشقاندا شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز.

قەمەر: سىز مېنى تويىمىزغا چىدىماستىن مۇشۇنداق قىلىپ يۈرىدۇ، دەپ ئويلايدىكەنسىز - دە؟

زۇنۇن: چىدىماسلىق قىلىش سۈنئىي خۇشال بولۇشتىن ياخشىراق.

قەمەر: چىدىماسلىق قىلغىنىم راست. ھەممىلا قىزلار شۇنداق بولىدۇ.

زۇنۇن: سىزگە ياراشمايدۇ، سىز ئالتە يىل ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنى ئالدىڭىز، قەمەر مەن سىزنى ھۆرمەت قىلىمەن.

قەمەر: ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى بىر ئادەمنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. مەن ئۆز غۇرۇرۇمنى قوغداۋاتىمەن.

زۇنۇن: بىلىمەن. رەخمەنى بېكىتىش نىيىتىڭىزمۇ يوق. قىزلارغا خاس بىر خىل ئىچكى تارلىق بۇ. بىزدىمۇ بۇ خىل ئىچكى تارلىق بولىدۇ، لېكىن ئاشكارىلىمايمىز.

قەمەر ھاياجان ۋە بىر خىل قىزىقىش ھېسسى بىلەن زۇنۇنغا تىكىلىپ قارايدۇ.

قەمەر: سىز مەن ئويلىغاندىنمۇ كۆپ بىلىمگە ئېرىشىپسىز. كىتابنى كۆپ ئوقۇيدىغان ئوخشايسىز - ھە؟

زۇنۇن: ئانچە ئەمەس. بوش ۋاقتىمنىڭ كۆپ قىسمىنى زاۋۇت قىرائەتخانىسىدا ئۆتكۈزىمەن شۇ.

قەمەر: نېمىگە كۆپرەك قىزىقىسىز، زۇنۇن؟

زۇنۇن: ئىجتىمائىي پەنلەرگە.

قەمەر: ئۆزىڭىز تېخنىك تۇرۇپ - ھە؟

زۇنۇن: ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا. ئائىلە باشقا، مۇھەببەت باشقا بولغىنىدەك.

قەمەر قاقاقلاپ كۈلىدۇ. ئۇ زۇنۇنغا تېخىمۇ قىزىقىدۇ.

قەمەر: نېمىشقا ئىجتىمائىي پەنگە قىزىقىپ قالدىڭىز، زۇنۇن؟

زۇنۇن: ئېھتىياج.

قەمەر: نېمىنىڭ؟

زۇنۇن: زاۋۇتنىڭ!

شىياۋلى يۈگۈرۈپ كىرىدۇ.

شىياۋلى: سۇمۇرۇش ماشىنىسىدىن چاتاق چىقىپتۇ. زاۋۇت باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە. سىزمۇ بارامسىز زۇنۇن؟

زۇنۇن: باراي.

زۇنۇن ئالدىراپ ماڭىدۇ. قەمەر ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالىدۇ.

قەمەر: زۇنۇن!

* * *

ئىش ئورنى. چوڭ تىپتىكى سۇمۇرۇش ماشىنىسىنىڭ ئەتراپىغا ئادەملەر ئولاشقان. باش ئىنژېنېر (خەنزۇ) بىلەن زاۋۇت باشلىقى (خەنزۇ) جىددىيلەشكەن ھالدا قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەشمەكتە:

زاۋۇت باشلىقى: يولداشلار، بىز خۇمدان سىرتىدا پارچىلاش ئۇسۇلىنى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى بولۇپ سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، تېخنىكا ئۆتكەللىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ خەلقئارالىق سەۋىيە يارىتالىغان ئورۇن. بۈگۈن مۇشۇ سۇمۇرۇش ماشىنىسىنىڭ كېسىلىنى تاپالماي سىرتتىن ئادەم تەكلىپ قىلساق كۈلكىگە قالمايمىزمۇ؟

باش ئىنژېنېر: ئۇغۇ شۇنداق چاغچالىڭ، لېكىن. . .

زاۋۇت باشلىقى: يەنە نېمە «لېكىن» باش ئىنژېنېر؟

باش ئىنژېنېر: چۇۋۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا ۋاقىت كېرەك.

زاۋۇت باشلىقى: قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

باش ئىنژېنېر: كەم بولغاندا ئۈچ سوتكا!

زاۋۇت باشلىقى: ئۈچ سوتكا؟ - ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىدۇ. قاتتىق ۋارقىراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، - ئۈچ كۈندە كەم بولغاندا 3 مىلىڭ

900 توننا سېمونت كەم ئىشلىنىدۇ دېگەن سۆز. بۇ 227 مىڭ 500 يۈەن نەق پۇل. بۇ بەكمۇ چوڭ زىيان! باشقا چارە يوقمۇ يولداشلار؟

مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى (ئىبراھىم) مەن بىر چارە ئويلىدىم.

كۆپچىلىك: ھە، قېنى ئېيتىڭە؟

مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى: چاتاق سۇمۇرگۈچ-نىڭ كانىيىدا. كانايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ چاتاقنى تېپىپ چىقىش كېرەك.

كۆپچىلىك: كانايغا كىرىش!

A: چاڭ - توزان سۇمۇرگۈچنىڭ كانىيىگە؟

B: قانداق نەپەس ئالغىلى بولىدۇ، ھوي؟

C: سېمونتنى سۇمۇرىدىغان گەپتە!

مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى: مەن كىرىمەن!

زۇنۇن: مەنمۇ كىرىمەن!

زاۋۇت باشلىقى: مەنمۇ كىرەي!

مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى: زۇنۇن ئىككىمىز كىرەيلى!

ئۇ شۇنداق دەيدۇ - دە، خېيىم - خەتەرگە پىسەنت قىلماي، زۇنۇن بىلەن سۇمۇرۇش ماشىنىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئادەملەرنىڭ چىرايلىرىدىكى جىددىيلىك، تەقەززالىق، ئەنسىزلىك ئېكراندىن ئۆتىدۇ. خېلىدىن كېيىن كانايدىن مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى بىلەن زۇنۇن ئۆمىلەپ چىقىدۇ. ئۇلار قورۇم، چاڭ - توزانغا مىلەنگەن، تونۇغۇسىز ھالەتتە پەيدا بولغاندا ئەتراپتىكىلەر ۋارقىرىشىدۇ، ئۇلارنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاتىدۇ.

زاۋۇت باشلىقى: چاتاق ئوڭشالدى، سۇمۇرگۈچ تۈزەلدى، بارىكاللا، رەھمەت سىلەرگە!

* * *

زاۋۇت باشلىقى تەر ۋە چاڭ - توزانغا مىلەنگەن ھالدا مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقىغا سۆزلەيدۇ:

- ئورۇنلاشتۇرۇۋېرىڭ يولداش ئىبراھىم، مۇكاپات ھەر بىر خادىمغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 250 يۈەندىن توغرا كەلسە بولىدۇ. مەن قوشۇلىمەن.

مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى: يېقىندىن بۇيان بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭىز چاڭجاڭ، ئارام ئالسىڭىز بولاتتى.

زاۋۇت باشلىقى: (ئەتراپتىكى قورۇلۇش، تۆمۈر يول، توپا دۆۋىلىرىنى كۆرسىتىپ) 4 - نومۇرلۇق خومدان ئىشقا چۈشسە، بىزنىڭ يىللىق مەھسۇلاتىمىز 1 مىليون 200 مىڭ تونناغا يېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئارام ئېلىشقا ۋاقىت چىقىدۇ.

مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى: ئۇ چاغدا تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتەرسىزمىكىن.

زاۋۇت باشلىقى: ھا - ھا - ھا...

مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى: ھا - ھا - ھا...

* * *

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى.

زالغا ئادەملەر لىق تولغان. باھالىغۇچىلارنىڭ ئالدىدا نومۇر كۆرسىتىش قەغەزلىرى. سۆزلىگۈچىلەر ئېكراندىكى رەقەملەر بىلەن تولغان جەدۋەل، دىئاگراما ۋە باشقا بەلگىلەرنى تاياق بىلەن كۆرسىتىپ ئۆز سېخىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تېخنىكا ئىسلاھاتى، ئىش سۈرئىتى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى نەتىجىلىرىنى قىسقا، ئېنىق قىلىپ سۆزلەيدۇ. باھالىغۇچىلار نومۇر كۆرسىتىدۇ. بىر قانچە قىز - يىگىتلەر سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن سەھنىگە چىرايلىق كىيىنگەن رەخىمە چىقىدۇ. ئۇ گرافا ۋە بەلگىلەرنى كۆرسىتىپ قىزغىن ۋە جانلىق سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئېكران سىرتىدىن بېرىلىدۇ:

- قاچىلاش سېخىنىڭ بۇ ئايدىكى ۋەزىپىسى يۇقىرىقى تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن كېيىن 60% ئاشۇرۇلۇپ ئورۇنلاندى. ھازىر بىز...

باھالىغۇچىلار ئارىسىدا زۇنۇن كۆرۈنىدۇ. ئۇ قەغەزگە «95» نى يازىدۇ.

زۇنۇن: چاڭ - توزاندىن مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرلىرىدە يېڭىلىق يوق.

مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى: مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن.

* * *

رەخىمە ئالدىراپ زالدىن سىرتقا قاراپ ماڭىدۇ.

زۇنۇن باھالىغۇچىلار سەھنىسىدىن ئىختىيارسىز ئالدىراپ چۈشىدۇ ۋە رەخىمەنىڭ

كەينىدىن ماڭدى.

مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى يېنىدىكى بىرسىگە قاراپ قويۇپ كۈلدى ۋە بېشىنى لىڭشىتتى، ئاندىن كېيىن ئالدىراپ چىقىپ كېتىۋاتقان زۇنۇننىڭ كەينىدىن قاراپ ئۆزىچە:

- بۇلارغا نېمە بولغاندۇ؟ - دەيدۇ.

* * *

رەخىمە زاۋۇت دەرۋازىسىدىن تولىمۇ خاپا، جىددىيلەشكەن ھالدا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقىپ چوڭ يولدا ئالدىراپ ماڭدى. بىر موتسىكلىت ئۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالدى. موتسىكلىت ئۈستىدىكى يىگىت ئەركىن ئاۋۋال قوپاللىق بىلەن ۋارقىرايدۇ:

- قانداق كۆزى يوق...! - بىردىنلا رەخىمەنى تونۇپ قالدى، - ۋۇي رەخىمە! نېمە بولدىڭىز؟

رەخىمە زورىغا كۈلۈمسىرەيدۇ:

- ياخشىمۇسىز ئەركىن، ئەجەب چاڭ - توزاندىن قورقماي بۇ ياققا چىقىپسىزغۇ؟

- قەمەرنى ئىزدەپ چىقىۋىدىم، كۆردىڭىزمۇ؟

- قەمەرنى؟ ئەجەب ئۇنى ئىزدەيدىغانلار كۆپىيىپ كەتتىيا، بايىلا بىرسى پىكاپ بىلەن ئىزدەپ چىقىپتىكەن. شۇ يىگىت بىلەن كەتكەندۇ، ھەقىچان؟

ئەركىننىڭ بىردىنلا ئۆڭگىسى ئۆچىدۇ، جىددىيلىشىدۇ:

- پىكاپ... پىكاپ...؟ قانداق پىكاپ؟

- ھا - ھا - ھا، - رەخىمە قاقاقلاپ كۈلىدۇ،

- «خانتاجى»، «بېنس»، «ئاۋدى»، «ۋولگا»، يەنە... ھا - ھا - ھا.

- رەخىمە، مېنى نېمىشقا زاڭلىق قىلىسىز؟ قەمەرنىڭ خىزمەت مەسىلىسى بىلەن چىققان تۇرسام.

- تاغىڭىز قەمەرنى بىزگە باشلىق قىلىپ ئەۋەتەمدىكەن - يا؟

- رەخىمە، مازاق قىلماڭ دەيمەن، سىلەرنى توي خۇشاللىقى بىلەن تەبرىكلەيمىز دەۋاتساق...

- سىزما؟ ھا - ھا - ھا. قەمەردىن سوراڭ، بىزنىڭ توي كۈنىمىزنى شۇ بېكىتىدىغان ئوخشايدۇ.

رەخىمە ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى..

* * *

زۇنۇن يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئەركىننى كۆرۈپ يالغاندىن خۇشال بولۇپ چاقچاق قىلىدۇ:

- قانداق، ئەركىن؟ «گارسىن پېدائىيلىرى» دەك قوراللىنىپ كەپسەنغۇ؟

- سەنچۇ؟ رەخىمە ئىككىڭلار مارافونچە يۈگۈرۈشكە چۈشكەن ئوخشىمامسىلەر، بىرىڭلار ئالدىدا، بىرىڭلار كەينىدە.

ئۇلار كۈلۈشۈپ كۆرۈشىدۇ.

- قەمەرنى قوغلاپ يۈرەمسىنا؟

- سەنمۇ رەخىمەنى قوغلاپ ماڭغان ئوخشىمامسەن، مىنە، ئاۋۋال رەخىمەگە سېنى يەتكۈزۈپ قوياي.

ئىككىسى موتسىكلىت بىلەن يۈرۈپ كېتىدۇ.

* * *

زاۋۇت ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا زۇنۇن بىلەن رەخىمە يانمۇ يان بىللە ماڭدى. رەخىمە خاپا، زۇنۇن توختاپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارايدۇ.

زۇنۇن: نېمانداق يوقىلاڭ ئىشلارغا قېيدايسەن رەخىمە؟ باشقىلار سېنى كەڭ قورساق، ئۆزىنى تۇتقان دەپ ماختايدىكەنۇ، سەن...

رەخىمە: كىچىلىرى ئۇچرىشىپ يۈرسەڭمۇ غىڭ قىلمىسام بولاتتىمۇ ئەمىسە؟ بىلەمسەن، خەقنىڭ ئاغزىدا قانداق گەپلەر تارىلىپ يۈرىدۇ؟

زۇنۇن: ھە، قانداق گەپلەركەن؟

رەخىمە: زۇنۇنمۇ تەنتەك بالىكەن، قەمەرنى كۆرۈپلا رەخىمەدىن يۈز ئۆرۈپتۇ، دېيىشكۇدەك.

زۇنۇن: قەمەر مېنىڭ ئىش ئورنۇمغا نېمىگە كەلدىكىن، بىردەم پاراڭلىشىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم شۇ. كىچىلىك بازاردىن بىللە ئۆتكەن، ھەممە ئادەم بىزنى كۆرگەن.

رەخىمە: ئۆمەر ئاكام مەست بولۇۋېلىپ كېچىچە سېنى تىللاپ چىقتى، مېنىمۇ تىللىدى. ئاپام ئەتىگەندىلا: قىزىم، زۇنۇن ساڭا ۋاپا قىلمايدۇ. ئۇ دېگەن ئوقۇۋاتقان تېخنىك، سەن دېگەن سېمونت قاچىلايدىغان قارا ئىشچى. گۈلى گۈلىگە كەلمىگەندىكىن ۋاقتىدا تۈگەشسەڭ بولارمىكىن، دەيدۇ تېخى.

زۇنۇن: داداڭچۇ؟

رەخىمە: دادام كەچكىچە ھاقكامنى تىللايدۇ. ھاقى چېپىلغاق ھەممىلا ئەرسىگە ئارىلىشىۋېلىپ، ئاشپەزلەرنىڭ قازىنىغا، گۇقەتچىلەرنىڭ تارازىسىغا، قىز - يىگىتلەرنىڭ باسقان ئىزلىرىغىمۇ چېپىلىدۇ، دەپ فوتۇلدايدۇ. ھاراق ئىچىۋالسا ئۇخلاپ قالغۇچە ھاقكامنى، سېنى تىللايدۇ. قانداق قىلىشارمىزكىنتاڭ؟

ئۇلارنىڭ يېنىدىن قەيسەر بىلەن باھار موتسىكلىت بىلەن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىدۇ ۋە قاقاقلىشىپ كۈلۈشىدۇ.

زۇنۇن: دادىلىرىڭلار بۇلارنى قانداق قىلاركىن؟

رەخىمە زۇنۇنغا قاراپ قويۇپ قاقاقلاپ كۈلىدۇ.

* * *

بىر نەچچە يىگىت تاش چاقماقتا. ئېكراندىن تاش چۈشۈۋاتقان تۈشۈك، پارچىلىنىۋاتقان تاشلار، تاشقا تېگىۋاتقان بازغان، چېنىققان بىلەكلەر ئۆتىدۇ - دە، ئاخىرىدا تەرلىگەن خاپا چىراي يىگىت كۆرۈنىدۇ. بۇ - رەخىمەنىڭ ئاكىسى ئۆمەر.

يىگىت A: ئۆمەر ئاكا، چېكىشىۋالمايلىمۇ؟

ئۆمەر گەپ قىلماي تاش چاقىدۇ. يىگىت A ئامبىرىكا پاپىروسىنى تۇتاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا چىشلىتىپ قويىدۇ. ئۆمەر پاپىروسنى غەزەپ بىلەن تۈكۈرىدۇ.

يىگىت A: نېمە بولدۇڭ ئۆمەر ئاكا؟

ئۆمەر: ئاخشام مەستچىلىكتە 180 كوينى خەجلەپ بوپتىمەن. دادامغا ھېساب بېرەلمەي قاراپ تۇرۇپ تىل ئاڭلىدىم.

يىگىت B: بىر ئاي تاش چېقىپ ئاران دېگەندە 400 كويغا ئىشلەيمىز. بىر ئولتۇرۇشتا يېرىمى تۈگىسە، بىزگە پۇل توشامدۇ، دېمىسىمۇ؟

ئۆمەر: ھاراقنى تاشلايمەن زادى.

يىگىت A: پاخپاق گەپ، سەن تاشلىيالامسەنا؟

ئۆمەر: تاشلىمايچۇ؟

يىگىت A: خوتۇن بىلەن ھاراقنى دېمىسە ياشاپ نېمە قىلىدۇ، دەيدىغان ئادەم ھاراقنى تاشلىيالامدا؟

ئۆمەر: ھاراقنى تاشلىغىنىم تاشلىغان جۇما!

يىگىت A: خوتۇنىنىچۇ؟

ئۆمەر: خوتۇن دېگەننى تاشلىمايدۇ، قويۇۋېتىدىغان گەپ!

يىگىت B: قانچىنى قويۇۋەتتىڭ ئاكا؟

ئۆمەر: ئارانلا تېخى ئۈچ.

- ھا - ھا - ھا... - يىگىتلەر كۈلۈشىدۇ.

يىگىت A: مۇشۇ تاپتا مەشەدىن چىرايلىقراق بىر قىز ئۆتسە، ئۆمەر ئۇستام جەزمەن قولىدىكى بازغىنىنى تاشلىۋېتىدۇ. مانا مۇشۇنداق تاشلايدىغان گەپ.

دەل شۇ چاغدا بىر قىز بىلەن تولىمۇ چىرايلىق كىيىنگەن قەمەر ئاغزىنى ياغلىق بىلەن توساپ نېرىدىن ئۆتىدۇ. ئۆمەر قىزلارنى كۆرۈپ بازغاننى تاشلاپ، يۈگۈرۈك مەيدىسىنى ئالقانلىرى بىلەن سىلاپ، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئىختىيارسىز ۋارقىرايدۇ:

- ۋاي، ۋاي، ئۆلەي، ئۆلەي!

يىگىت B: ھوي ئۆمەر ئاكا ئاستىراق گەپ قىل. قەمەر ئاچام ئۇ.

ئۆمەر: قەمەر ئاچاڭ بولسا نېمە بوپتۇ. كىم ئۇنى بۇنداق سەتەڭ بولسۇن دەپتىكەن، ۋاي، ۋاي پەرى، پەرىزات!

قەمەر ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارايدۇ.

يىگىت B: (ئۆمەرنى ئاستا نوقۇپ) ئاڭلاپ قالدى، خاپا بولۇۋاتىدۇ.

ئۆمەر: (تېخىمۇ ۋارقىراپ) سارالڭ، ماختىغانغا خاپا بولىدىغان قىز بالىمۇ بولامدۇ، ماڭەۋا.

قەمەر كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆمەرگە قاراپ:

- ھەي ئۆمەر، شۇنداقلىقىڭدىن كەشىڭنىڭ سوڭغا دەسسەپ تاش چېقىپ يۈرىسەن. قاراپتۇر، ئۆمۈر بويىچە تاش چاقىسەن، قالاق!

ئۆمەر: تاش چاقسامۇ ئايدا 400 كويچەن تاپىمەن. ساڭا ئوخشاش كافىخانا، رېستورانلاردا يالاق يالاپ يۈرمەيمەن. ھەي قەمەر، يېنىڭدىكى ئاۋۇ مارۇشانى مەيەرگە قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆزۈڭ يوقىلە!

قەمەر: سەندەكلەرگە گەپ قىلغان بىلەن

بىكار. ئۆمرۈڭ ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن يارالغان.

ئۆمەر: نېمە؟ ئەرزىمەس ئىش؟! بىلەمسەن، ھەر قانداق ئۇلۇغ ئادەممۇ ئىشنى ئەرزىمەس ئىشتىن باشلىغان. داداڭمۇ ئىشنى بىر كوي بەش موچەندىن ئايلىق ئېلىپ تاش چېقىشتىن باشلىغان. سەن ئاسماندىن چۈشكەن پەرىزات بولۇپ كەتسەڭمۇ، ئاشۇ تاشچىنىڭ قىزىسەن، باقى تاشچىنىڭ قىزىسەن!

قىزلار كېتىپ قالىدۇ. ئۆمەر قاتتىق غەزەپلىنىپ ئەلەم بىلەن بازغاننى تاشقا كۆچەپ ئۇرىدۇ.

يىگىت B: ئۇ يەنە ئىچىدۇ جۇمۇ.

يىگىت A: قاراپتۇر. ھازىرلا ئىچىدۇ.

بازغاننى تاشلاپ بوتۇلكىنى قولغا ئالىدۇ.

ئۇلارنىڭ يېنىغا بىر يىگىت ئالدىراش كېلىدۇ.

يىگىت: تېخنىكا كەچكۇرسىغا تىزىملىنامسىلەر؟

ئۆمەر: مېنى يېزىپ قوي!

يىگىت B: ئوقامسىنا ئۆمەر ئاكا؟

يىگىت A: نېمە تېخنىكا ئۆگىنىسەن ئۆمەر ئاكا؟

ئۆمەر: چامباشچىلىقنى ئۆگىنىمەن!

يىگىتلەر: ھا - ھا - ھا...

* * *

زاۋۇت يىغىنى. زاۋۇت باشلىقى سۆزلىمەكتە:

ھازىر ئالتە خۇمداننىڭ ئىككىسى رېمونت قىلىنىۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئايلىق مەھسۇلات كېمەيمەسلىكى كېرەك. 3 - ئايدا 34 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلغان. 4 - ئايدا مەھسۇلات يېرىم ھەسسە كېمەيگەن. ئايلىق سېمونت مەھسۇلاتى 24 مىڭ توننىغا چۈشۈپ قالسا، بۇ يىلقى 400 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىش پىلانىمىزنى ئورۇندىيالايمىزمۇ؟ بىز زاۋۇتنى ھۆددىگە ئالغانىكەنمىز، مەھسۇلاتنى بۇرۇنقىدىن ئاشۇرۇشىمىز كېرەككى، كېمەيتىشكە بولمايدۇ. «نەمۇنىچى كارخانا» دېگەن شەرەپنى ساقلاپ قېلىش بىلەنلا چەكلەنسەك بولمايدۇ. بىز پۈتۈن مەملىكەت ھەتتا دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىنى كۆزلىشىمىز كېرەك. بۇ سەۋىيە 70 - 80 - يىللارنىڭ سەۋىيىسى ئەمەس، 90 - يىللارنىڭ سەۋىيىسى بولۇشى لازىم. C دەرىجىلىك يۇقىرى قارشىلىق سېمونتقا ئېھتىياج كۈچلۈك. «325» نومۇرلۇق ئارىلاشما سېمونتنىڭ بازىرىمۇ ياخشى، زاكاز كۆپ. بىزگە بېسىم بولغىنى ياخشى. بەزىلەر بېسىم ئېغىر دەپ قاقشاۋاتىدۇ!...

زۇنۇن: بىزنىڭ ئىككىنچى خۇمدان پىلانىنى ئاشۇرالايدۇ.

زاۋۇت باشلىقى: تەدبىرىڭلار قانداق؟

زۇنۇن: ئىنتىزام، مەسئۇلىيەتچانلىق، خام ئەشيا، سۈرئەت، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە، ئىلمىي بېكىتىش!

ئايلىنىۋاتقان خۇمدانلار، ئوتقا قاراپ بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقان زۇنۇن بىلەن شياۋلى، خۇمدان رېمونت قىلىنىۋاتقانلار قاتارىدا ئىشچى كىيىمى بىلەن ئىشلەۋاتقان زاۋۇت باشلىقى، ئېگىز زاۋۇت بىنالىرى، تۇرخۇنلاردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىس ۋە ئىس بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن بۇلۇتلار ئېكراندىن ئۆتىدۇ.

زاۋۇت باشلىقى قىزغىن سۆزلىمەكتە.

* * *

زاۋۇت ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى، كۈندۈز.

چوڭ زال ياشلار بىلەن تولغان. تاماققا ئۆچىرەت تۇرۇۋاتقان، چاقچاقلىشىۋاتقانلار، يالغۇز ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتقانلار ئېكراندىن ئۆتىدۇ.

باھار ئالدىغا پەرتۇق تارتقان ھالدا خىلمۇخىل سەيلەر سېلىنغان تاماق توشۇش ھارۋىسىنى سۆرەپ ئاشخانىدىن چىقىدۇ. قەيسەر ئۆچىرەتتە تۇرغانلار ئارىسىدىن چىقىپ ھارۋىدىن بىر تەخسە سەي بىلەن ئىككى يۇتازىنى ئېلىۋالىدۇ. باھار:

- ھاي، ھاي... بۇ باشلىقلارنىڭ! - ئۇنى نوقۇپ قويىدۇ.

قەيسەر: مەنمۇ باشلىق، سېنىڭ باشلىقىڭمەن!

ئۇلار كۈلۈشىدۇ.

ئۇلارنىڭ يېنىغا ئۆمەر مەست ھالدا كېلىدۇ.

ئۆمەر: ئەكەل ئۇكام باھار، ماڭا بىر سەي بىلەن ئىككى موما... - ئۇمۇ قول سوزىدۇ.

www.uyghurkitap.com

باھار: ئاكا، باشلىقلارنىڭ بۇسەيلەر!

ئۆمەر: باشلىق؟ مەنمۇ باشلىق، ئەكەل دەيمەن!

باھار: ئاكا! — خاپا بولىدۇ. قەيسەر قولىدىكى سەي بىلەن يۇتازىنى قويۇپ ماڭماقچى بولىدۇ. ئۆمەر ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارايدۇ.

ئۆمەر: بىزنى خاجىمىغان سەن قالغانمىدىڭ ھەي مىتە قۇرت!

قەيسەر: بىكاردىن بىكار نىمىشقا تىللايسەن؟

ئۆمەر: دادالڭ دادامغا كۈن بەرمىگەننى ئاز دەپ، ئەمدى سەن سىڭلىمنىڭ ئىشىغا توپا چاچقىلى تۇردۇڭمۇ؟

قەيسەر: ئويىنىشىپ قويدۇم ئاكا!

ئۆمەر: قىز بالا بىلەن نىمەدەپ ئويىنىشاتتىڭ؟

باھار: ئاكا، نىماداق سەتلىشىسەن؟

ئۆمەر: سەندىنمۇ يامان سەتلىشىپتىمەنما؟

باھار: ئاكا!

قەيسەر: نىمە؟! — ئۇ ئۆمەرگە دىۋەيلەيدۇ.

ئۆمەر: ھومىيىسەنغۇ، ئىتنىڭ كۈچۈكى!

باھار: ئاكا!

باھار ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىدۇ. ئۆمەر بىلەن قەيسەر بىر - بىرىگە چەكچىيىپ قارىشىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا رەخىمە كېلىدۇ.

رەخىمە: ئاكا، جورۇڭ، تاماق ئەپچىقىپ قويدۇم! — رەخىمەنى كۆرۈپ قەيسەر سىرتقا ماڭىدۇ. باھار ئۇنىڭغا قاراپ ئومچىيىپ تۇرۇپ قالىدۇ.

* * *

ئايرىم ئۆي، زىياپەت جوزىسى، ئون نەچچە ئادەم. باقى سۆزلىمەكتە، ئۇنىڭ قولىدا رومكا:

— مەن 3 - كەسىپكىمۇ، بازار باشقۇرۇش، ئۆي تەقسىم قىلىش ئىشلىرىغىمۇ، يەنە سىلەردەك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقىمۇ مەسئۇل. زاۋۇتىمىزدا 3 - كەسىپنى يولغا قويۇش تەجرىبىلىرىنىمۇ مەن ياراتقان. مەن بۇ زاۋۇتتا 40 يىل تەر تۆككەندە-كمەن، تەجرىبىنى مەن ياراتماي كىم يارىتاتتى ئەمىسە؟ قېنى، ھەر قايسىڭلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

* * *

شۇ زال. بىر كىچىك جوزىدا رەخىمە، زۇنۇن، ئۆمەرلەر تاماق يىمەكتە.

ئۆمەر: باقى چېپىلغاق جاھاننىڭ پورىنى ئاتىدۇ، ھەممىنى مەن قىلدىم دەيدۇ، قويۇپ بەرسەڭ شىنجاڭنى مەن ئازاد قىلغان دېيىشتىنمۇ يانمايدۇ!

زۇنۇن: ئۇنىڭ «مەن» دېگىنى «بىز» دېگىنى. ئۇ ئۆزىنى ئىشچىلارنىڭ ۋەكىلى دەپ سۆزلەيدۇ. كۆڭلى ياخشى، ئۆزى ئوبدان ئادەم.

ئۆمەر: سەن ئەلۋەتتە ياخشى دەيسەن — دە ئۇنى. سىنى زاۋۇتقا ئەكىرگەنمۇ، تەربىيىلىگەنمۇ شۇ تۇرسا. شۇڭا ئۇ دائىم: زۇنۇن ئالقىنىمدا چوڭ بولغان، ئىبراھىمنى ئۆز قولۇمدا ئۆستۈرگەن دەپ سۆزلەيدۇ.

* * *

باقى سۆزلىمەكتە:

— يەپ كەتتى، ئىچىپ كەتتى دېگۈچىلەرمۇ يوق ئەمەس. ئۇلارنىڭ دېگىنىمۇ راست. دېمىسىمۇ يېيىش دەۋرى، ئىچىش دەۋرى، خەجلەش دەۋرى بولۇۋاتىدۇ. ئەمما بۇ بايلىقنىڭ بەلگىسى. بولغاچ يەيمىز. بولمىسا نىمىنى يەيتتۇق؟

كۆپچىلىك: ھا - ھا - ھا...

* * *

ئۆمەر مەست بولۇۋېلىپ سۆزلىمەكتە.

— مېنىڭ نەرىم ئادەم؟ 12 يىل ئوقۇدۇم. ئاخىرى يەنە تاش چىقىشتىن باشقىغا ئېرىشەلمىدىم. سەنچۇ رەخىمە؟ 11 يىل ئوقۇدۇڭ، سىمونت قاچىلايسەن، شۇمۇ ئىشمۇ؟ قادىرنىڭ بالىلىرىدىن كادىر چىقمامدىكەن. مېنىڭ زۇنۇندىن نەرىم كەم؟ سېنىڭ قەمەر قورچاقتىن نەرىڭ كەم، رەخىمە؟

رەخىمە: ئاكا، نىماداق قىلىسىز؟ بولدى، ئىچمەڭ، بولدى! — رەخىمە ئۆمەرنىڭ قولىدىن بوتۇلكا بىلەن رومكىنى تارتىۋالىدۇ. ئۆمەر جوزىنى ئۇرىدۇ:

— يامان بولساڭ ئاۋۇ باقى چېپىلغاقنىڭ قولىدىكى رومكا بىلەن ھاراقنى تارتىۋال. ئۇ دادامنىڭ تارازىسىنى تارتىۋالدى، قىزى مېنى ھاقارەتلىدى!

زۇنۇن: لېكىن ئوغلى بىلەن سىڭلىڭ...

ئۆمەر: مۇمكىن ئەمەس. باھارنىڭ پۇتىنى چاقمەن، ھەي باھار!

ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ دەلدۈگۈنۈپ ئاشخانىغا ماڭىدۇ. ئۇ زىياپەت بولۇۋاتقان ئۆيدىكى ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلاپ شۇياققا بۇرۇلىدۇ. ئۇ ئۆيگە بېشىنى تىقىپ قاقاقلاپ كۈلىدۇ.

* * *

زىياپەت ئۆيىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىچىگە ئۆمەر كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ ۋارقىرايدۇ:

— ھەقىقىي ھايات دېگەن مانا شۇ! ياشىسۇن ئىسلاھات... ھا - ھا - ھا...

ئۇنى باقى چىڭ قۇچاقلىۋالىدۇ.

باقى: مانا، ئۆمەر مېنىڭ بالام. ئالقىنىمدا چوڭ بولغان!

ئۆمەر: ئالقىنىڭدا تاش چاقمەن! باقى دادا، سەن دادامنىڭ دوستى، ھەم دۈشمىنى، بىزنىڭ 30 - 40 يىللىق قوشنىمىز، ھەم باشلىقىمىز! ھا - ھا - ھا... سەن چېپىلغاق بولمىساڭ سېمونت بولمايدۇ، سېمونت بولمىسا زاۋۇت بولمايدۇ. زاۋۇت بولمىسا مەن تاش چاقمايتتىم!

باقى: كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئىستىقبال ئالدىڭدا. مەنمۇ 15 يىل تاش چېقىپ 16 - يىلى باشلىق بولالىغان!

ئۆمەر: 15 يىلدا مەن بەش قېتىم مۇكاپات ئالىمەن. مۇكاپات پۇل ئەمەس - خوتۇن!

باقى: مانا ئەمدى لاۋزىلاشتىڭ!

ئۆمەر: ھا - ھا - ھا... لاۋزىلاشمايدىغان نېمە بار، باقىكا. پاخلان گۆشىمۇ، شېكەرمانتىمۇ، مېيگۇيشياڭمۇ ① لاۋزىلىشىدۇ!... ھا - ھا - ھا...

باقى: ھازىر سەن مەست، ئۆمەر. بۇرۇنمۇ تولا مەست بولۇپ تۈزۈك ئوقۇيالمىدىڭ. مەست پېتى ئىمتىھان بەرگىلى كىردىڭ. شۇڭا ئارانلا 40 نومۇر ئالالىدىڭ. ئىمتىھاندىن 60 نومۇر ئېلىپ ئۆتكەن بولساڭ، زۇنۇندەك تېخنىك، ھەتتا ئىنژېنېر بولالايتتىڭ!

مەستلەر ۋارقىرىشىدۇ، ناخشا ئېيتىشىدۇ، قۇچاقلىشىدۇ. ئۆمەر باقىنىڭ بوينىغا گىرە سالىدۇ.

* * *

ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ھويلىسى. باقىنىڭ ئايالى بىلەن قادىرنىڭ ئايالى تۆت نەۋرىسى بىلەن سەي ئادالىغاچ پاراڭلاشماقتا.

باقىنىڭ ئايالى: بىزنىڭ قەمەرنى نازارەتكە خىزمەتكە بۆلۈپتۇدەك.

قادىرنىڭ ئايالى: بىزنىڭ رەخىمە قاچىلاش سېخىنىڭ سېخ باشلىقى بوپتىكەن. ئۇنى مۇبارەكلەپ دوستلىرى كېلەرمىش.

باقىنىڭ ئايالى: بىزنىڭ قەمەر بۇ شەھەردە يوقلا بىر كەسپنى ئۆگەنگەن چېغى...

قادىرنىڭ ئايالى: بىزنىڭ رەخىمە مۇكاپات بىلەن بۇ ئايدا 510 كويچەن مائاش ئاپتۇ. بىچارە قىزىم پۇل تاپىدۇ، خەجلىمەيدۇ.

باقىنىڭ ئايالى: ئۇنىڭ تاپقىنىنى ئۆمەر خەجلەيدۇ دېسىلە.

قادىرنىڭ ئايالى: ۋاي ئۇنىڭ بەتخەجلىكىنى بىر دېمىسىلە. ئىچمەيدىغان كۈنى يوق.

باقىنىڭ ئايالى: كۆڭلىدە بىرەرسى بارمىكىن يا؟

قادىرنىڭ ئايالى: بولسا ئېيتاردى. بىچارە بالامنىڭ خوتۇندىن تەلىيى يوق. نەچچە ئۆيلەندى، چىقىشالمىدى!

باقىنىڭ ئايالى: بىزنىڭ قەيسەر ئىچمەيدۇ، دېگەن بىلەن...

قادىرنىڭ ئايالى: بىزنىڭ باھارمۇ قولى ئىشلىق بالا بولدى.

باقىنىڭ ئايالى: خۇدايىم لايىقىنى ئېيتقاي، پېشانىسى ئوڭ بولغاي، لايىقى بارمۇ؟

قادىرنىڭ ئايالى: بولمامدىغان، بۇ زاماننىڭ قىزلىرى ئاتا - ئانىنىڭ ئاغزىغا قارايتتىمۇ؟

باقىنىڭ ئايالى: (چىرايى ئۆڭگەن ھالدا) تاپقان يىگىتى سىلىگە ياقاندۇ - ھە؟

قادىرنىڭ ئايالى: نېمىسى ياقسۇن، بىر قاسماقنى تاپقان چېغى! (تەتۈر قارايدۇ)

باقىنىڭ ئايالى: بىزنىڭ قەيسەرمۇ بىر شاللاقنى تاپقان چېغى! (ئۇمۇ تەرىنى تۇرۇپ تەتۈر قارايدۇ)

---

① مېيگۇيشياڭ — ئەتىرگۈل ھارىقى.

ئەۋرە A: قاسماق دېگەن نېمە؟

ئەۋرە B: شاللاق دېگەنچۇ چوڭ ئاپا!

ئەۋرە C: ئۆمەر ئاكاش قاسماق.

ئەۋرە D: قەمەر ئاچاش شاللاق.

باقىنىڭ ئايالى: كاپشىما، ئۆزۈڭ شاللاق!

قادىرنىڭ ئايالى: (نەۋرىسىگە) شاللاق دېگەنچۇ، كىلائوكتا ① تانسا ئوينايدىغانلار.

باقىنىڭ ئايالى: شاللاق، قاسماق دېگەنچۇ، مەست بولۇۋېلىپ پاسكىنا يەردە ئېغىنايدىغانلار.

ئىككى ئايال بىر - بىرىگە چەكچىيىپ قارىشىدۇ. نەۋرىلەر ھەيران بولۇشىدۇ.

* * *

بازار. باقى ئوقەتچىلەر بىلەن بىرمۇ بىر كۆرۈشۈپ، بىر نېمىلەرنى سوراپ ئالدىراش ماڭىدۇ. ئۇ كۆكتات سېتىۋاتقان قادىرنىڭ يېنىغا كەلگەندە قادىر ئۇنىڭغا تەتۈر قارىۋالىدۇ.

باقى: ھەي قادىر، قانداقراق؟

قادىر قارىمايدۇ. باقى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويىدۇ.

باقى: نېمە بولدۇڭ ھوي؟

قادىر ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىدۇ. باقى قاقاقلاپ كۈلىدۇ:

- ئاشۇ كىچىككىنە ئىشقىما؟

قادىر: (غەزەپ بىلەن بۇرۇلۇپ قارايدۇ) كىچىككىنە ئىش؟ بېشىمغا دەسسىسەڭ بولامتى ئەمىسە؟

باقى: (مېھرىبانلىق بىلەن قادىرغا يېلىنىپ) 40 يىللىق ئاغىنەم، مەن ناماقۇل.

قادىر: ماڭە چېپىلغاق، نېمە تۈگمەيدىغان ناماقۇل ئىكەن بۇ!

(قادىر يەنە تەتۈر قارىۋالىدۇ)

باقى: تۈگمەيدۇ، كۆپ بولسا مىڭ قېتىم ناماقۇل بولغاندىمەن ناھايىتى، يەنە مىڭ قېتىم ناماقۇل بولىمەن تېخى!

قادىر: قولۇڭدىن كەلسە چوڭ يەپ، چوڭ گەپ قىلىدىغانلارنىڭ تارازىسىنى تارتىۋال. تۈمەنلەپ، يۈز مىڭلاپ يەۋاتقانلار بار. ئۇلارنىڭ تارازىسىنى تەكشۈردۈڭمۇ؟

باقى: مەندە بۇنداق ھوقۇق يوق!

قادىر: پىت - سىركە بىلەن ياقىلىشىمەن دېگىنە! دېۋانىلەردىنمۇ باج ئالامسەن- يا؟

باقى: سەن بىلەن ياقىلىشمەن، سەندىنلا باج ئالىمەن!

قادىر: مېنىڭ كۆزۈمگە كىرگەن ئەخلەت، پۇتۇمغا كىرگەن تىكەن بولدۇڭغۇ. قاچان قۇتۇلارمەن سەندىن؟

باقى: قۇتۇلالمايسەن، ئاۋۋال ئاغىنە، كېيىن قوشنا بولدۇق، ئەمدى قۇدا بولىمىز. قىزىڭدىن سوراپ باقە، كىمنىڭ ئوغلى ياخشى دەپ؟

قادىر: ئاشۇ قاسمىقىڭ قەيسەرما؟

باقى: قۇتۇلالمايسەن، تېخى ئۆلگەندىمۇ بىر گۆردە ياتىمىز، قادىر!

* * *

زاۋۇت پارتكومى بىلەن زاۋۇت مەمۇرىيىتى-نىڭ يىغىنى.

زاۋۇت باشلىقى: سېخ مۇدىرى بىلەن پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى بىر ئادەم بولسا بولارمىكىن دەيمەن. مېنىڭچە بۇ ئىشقا زۇنۇننى قويساق تازا ئوبدان بولىدۇ.

مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى (ئىبراھىم): چاڭجاڭنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. مېنىڭچىمۇ زۇنۇن سېخ مۇدىرى ھەم ياچېيكا سېكرېتارلىقىغا تازا مۇۋاپىق.

پارتكوم سېكرېتارى (خەنزۇ): جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتۇق. مەن گەپنى ئوچۇقراق قىلاي. يولداش زۇنۇننىڭ ھەممە جەھەتتىن شەرتى توشىدۇ. قىزغىن، ئاكتىپ، ئىشچان يىگىت. بىراق تىل - يېزىق قىيىنچىلىقى تارتىپ قالارمىكىن. ئۇ سېختىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 80 پىرسەنتتىن كۆپرەكى خەنزۇ، ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر كۆپرەك. مېنىڭچە شياۋلى مۇۋاپىق بولارمىكىن...

زاۋۇت باشلىقى: زۇنۇننىڭ خەنزۇچە تىل - يېزىق سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى. مەن ئۇنىڭ بىۋاستە خەنزۇچە يازغان ماقالىلىرىنى ئوقۇغان. ئېلېكتىر - تېخنىكا بىلىمىمۇ ياخشى. رادىئو - تېلېۋىزىيە داشۆسىنى پۈتتۈردىغۇ دەيمەن. شۇنداقمۇ ئىبراھىم؟

---

① كارا OK دېمەكچى.

ئىبراھىم: شۇنداق. ئۇ ئالىي مەلۇماتلىق. تېخنىك ئۇنۋانىمۇ بار. مۇھىمى سېختا ئۇنىڭ ھۆرمىتى چوڭ.

مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى تىيەن: مەن بەزى ئىنكاسلارنى ئاڭلىدىم، ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغان قىزلار كۆپرەك ئوخشايدۇ.

كۆپچىلىك كۈلۈشىدۇ. زاۋۇت باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ ئېلان قىلىدۇ:

- بېكىتتۇق ئەمسە. زۇنۇن سېخ مۇدىرى ھەم پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى بولۇپ تەيىنلەندى. يىغىن تۈگىدى.

* * *

قادىرنىڭ ئۆيى.

ئۆمەر كىيىم ئاسقۇچتىكى چاپانلارنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاقتۇرماقتا. ئاپىسى لەغمەن سوزماقتا. قادىر كىچىك قىزىغا نەسىھەت قىلماقتا.

قادىر: قىزىم، ماقۇل دەپ كەچ كۇرسقا كىرىپ سەيپۇڭچىلۇقنى ئۆگىنىڭ، ئۆمەر ئاكىڭىزنىمۇ تېخنىكا كۇرسىغا تىزىملىتىپ قويدۇم. قەمەردەك بولۇڭلار. قاراڭلار، ئۇنى تەرەپ - تەرەپتىن تالىشىۋاتىدۇ. ئۇ كۇرسقا دەرس ئۆتۈپ سائىتىگە سەككىز كويدىن پۇل تېپىۋاتىدۇ. ئۆمەرجان كەچكىرگىچە تاش چېقىپمۇ ئارانلا شۇنچىلىك تاپىدۇ. كېسىمچىلىكنى ئۆگىنىڭ قىزىم. ئاپىڭىز تىككۈچىلىككە ئۇستا. مەن سىلەرگە سەيپۇڭچىلىق دۇكىنى ئېچىپ بېرەي. تاماق توشۇشمۇ ئىشمۇ؟

باھار: رېستورانغا يۆتكىلىمەن، سۆزلىشىپ قويدۇم!

قادىر: ياق، بولمايدىغان ئىش ئۇ.

باھار: نېمىشقا؟

قادىر: بولمايدۇ. نېمىشقا دەيسىز؟!

باھار ئالدىراپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىدۇ. ئۇ ئاكىسىنىڭ سومكىسىدىن پۇل ئوغرىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ.

باھار: نومۇس قىلمايدىغان ھارامكەش!

ئۆمەر: (سىڭلىسىغا دېۋەيلەيدۇ) كاپشىما ھازازۇل.

باھار: دادا قاراڭ، ئاكام پۇلۇمنى ئوغرىلاپ...

ئۆمەر: يالغان، ۋۆي ھازازۇل...

قادىر: (ئۆيگە كىرىپ) نومۇس قىلساڭچۇ؟ قاچان ئادەم بولارسەن. ئايدا 400 كويچەن تاپىمەن دەپ كىرىلگىنىڭ بىلەن، 500 كويچەنلىك ھاراق ئىچىسەن. مەن سېنى تېخنىكا كۇرسىغا تىزىملىتىپ قويدۇم، بۇگۈنلا ئاپىرىپ بېرىمەن، بول، تاماقنى يە.

* * *

تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسى.

قەمەر چېرتيوژلارنى كۆرسىتىپ سۆزلىمەكتە. ئوقۇغۇچىلار جىمجىت دەرس ئاڭلىماقتا.

قەمەر: بۇ، بىر فىزىكىلىق ھادىسە. چۈنكى قاتتىق جىسىم سۇيۇقلۇققا ئايلانغان بىلەن ماددىنىڭ تەركىبىدە خىمىيىلىك ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەسىلەن، مۇز سۇغا ئايلانسا ياكى سۇ پارغا ئايلانسا ئوخشاشلا سۇنىڭ خىمىيىلىك بەلگىسى $H_2O$ ئۆزگەرمەيدۇ.

بىردىنلا قاتتىق خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئوقۇغۇچىلار چۆچۈپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۆمەر پارتىنى قۇچاقلاپ خورەككە تەگكەندى. قەمەر خاپا بولۇپ پارتىغا شاپىلاق بىلەن ئۇرىدۇ:

- بۇ يەر قاۋاقخانا ئەمەس، دەرسخانا!

ئۆمەر: (چۆچۈپ ئويغىنىپ) ئۇخلىتىپ قويغان ئۆزىڭىز خېنىم. قۇلاققا خۇشياقىدىغان بىر نەرسە سۆزلىسىڭىز بولمامدۇ؟

ئوقۇغۇچىلار كۈلۈشىدۇ. قەمەر قىزىرىپ ئاچچىقلايدۇ:

- سىزگە دېسكو ئويناپ بەرسەم بولاتتىمۇ ئەمىسە؟

ئوقۇغۇچىلار تېخىمۇ كۈلۈشىدۇ.

ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ كېرىلىپ ئەسنەيدۇ:

- بولدى، ئوقۇمىدىم. ئاشپەزلىكنى، ساتىراشلىقنى ئۆگەندەي دېسەم كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، تېخنىكا - پېخنىكا دېگەننى كاللامغا ئالالمىسام... كەتتىم. بەي بەي، بەي بەي...

ئۆمەر چىقىپ كېتىدۇ. قەمەر ئاچچىق بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا قارايدۇ:

- مۇشۇنداق قىلساق، ئۆمەر بويى تاش چاقماي نېمە ئىش قىلاتتۇق!

* * *

قادىرنىڭ ئۆيى.

ئۇنىڭغۇ دىسكو مۇزىكىسىغا بولۇشىغا قويۇۋېتىلگەن. ئۆمەر ئىككى ئاغىنىسى بىلەن چالا مەست هالدا تەرلەپ - پىشىپ دىسكو ئوينايدۇ.

ئۆمەر: دىسكو كۇرسى، ناخشا كۇرسى ئاچسا بولمامدۇ. ئېلېكتىر، مېخانىكا، تېخى ئېلېكتىر مېگە، ھېسابلاش ماشىنىلىرى كۇرسى دېگەنلىرىنى قانداق قىلاي. بىرسى مېڭەمگە كىرسىمىغۇ كاشكى.

ئاغىنە A: راست دەيسەن ئۆمەر، دىسكو كۇرسىغا قاتناش، قىرىق يېشىڭدا دىسكو چولپىنى بولۇپ چىقىسەن.

ئاغىنە B: سەن چولپان بولساڭ كارا OK لارنىڭ ئىشىكلىرى بىزگە ئوچۇق دېگىنە.

ئۆمەر: هاراقمۇ پۇلسىز.

ئاغىنە A: قىزلارچۇ؟

ھەممىسى: ها - ها - ها...

ئىشىك قاتتىق ئېچىلىپ ئۆيگە ئۆڭسىلى ئۆچكەن هالدا قادىر كىرىپ كېلىدۇ.

قادىر: ۋۇي ناتىقىپلار، يوقىلىش!...

ئۇلار تالاغا قاچىدۇ. پەلەمپەيدىن ئالدىراپ چۈشۈۋېتىپ ۋارقىرىشىدۇ.

ئاغىنە A: بەي بەي، بەي بەي!

ئۆمەر: يوقالدىم ئەمەسە - هە!

قادىر: ئۆمەر، قايتىپ كەل، ئۆمەر!

ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇزاقلارغا ئاڭلىنىدۇ.

* * *

هايقى ئۈچ يىگىت يولدا كېتىپ بارماقتا. يول ئادەملەر، ماشىنىلار بىلەن تولغان.

ئاغىنە A: پۇل يوق دەمسىنا؟

ئۆمەر: ئۈچ كۈن بولدى ئىشلىمىدىم ئاداش، يېنىمدا بارى سېرىق ئاشقا ئارانلا يېتىدۇ، هاراققا نەدە پۇل.

ئاغىنە B: مەن بىر ئامال تاپتىم.

ئىككىسى: قانداق ئامال، ئېيتە قېنى؟

ئاغىنە B: مەن مەست بولۇۋېلىپ بىر ماشىنىنىڭ چاقىغا ئۆرۈلىمەن! سىلەر قۇتۇلدۇرسىلەر.

ئاغىنە A: ئۆلسەڭچۇ؟

ئۆمەر: قۇتۇلدۇرالمىساقچۇ؟

ئاغىنە B: سەن قۇتۇلدۇرالمىساڭ، ئۆزۈم قۇتۇلىمەن!

ئاغىنە A: هە، قۇتۇلدۇرساقچۇ؟

ئاغىنە B: ئاڭلىمىدىڭمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى؟

ئۆمەر: نېمە دەپتۇ؟

ئاغىنە A: تېز گەپ قىلە گۇي!

ئاغىنە B: هادىسىگە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇۋالغانلارغا 600 كويچەن مۇكاپات بېرىدىكەن.

ئۆمەر: راستما؟ ئانداق بولسا چاق ئاستىغا ئۆزۈڭنى ئات، مەن قۇتقۇزىمەن!

ئاغىنە B: ئەمما مۇكاپاتنى مەن ئالىمەن!

ئۆمەر: مەن قۇتقۇزىدىغان تۇرسام.

ئاغىنە B: مەن جېنىمنى تىكىدىغان تۇرسام.

ئاغىنە A: بولدى، ئىككى يۈز كويدىن تەڭ بۆلۈشىمىز، جورۇڭلار ئەمىسە!

* * *

هەيۋەتلىك تانسا زالى. تانسا ئويناۋاتقانلار، پىۋا ئىچىپ مۇڭدىشىۋاتقانلار، مۇزىكانتلار، ناخشىچى قىز ئېكراندىن ئۆتىدۇ.

ئېكراندا تۆت كىشىلىك ئولتۇرۇش كۆرۈنىدۇ. ئۇلار ئىككى قىز، ئىككى ئەر. قىزلار ياش، ئەرلەرنىڭ يېشى خېلى چوڭ.

سالماقلىق، ئوتتۇرا ياش ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلىدۇ. قىز قەمەر. ئۇ بۈگۈن تولىمۇ چىرايلىق ياسانغان.

ئەر: ئەركىن سىز توغرىلىق ماڭا ئېيتتى. سىزنىڭ ماتېرىياللىرىڭىزنىمۇ كۆردۈم.

قەمەر: (ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ ئۇ ئادەم بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ) رەھمەت سىلىگە ياتىڭجاڭ. سىلى توغرىلىق ئۇزۇندىن بېرى ياخشى گەپلەرنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن. لېكىن سىلىنى كۆرۈش ئارزۇيۇم مانا بۈگۈن ئەمەلگە ئېشىپتۇ. تولىمۇ خۇشالمەن، يا تىڭجاڭ.

نازىر: رەھمەت سىزگە. سۈرىتىڭىزدىكە دىنمۇ چىرايلىق ئىكەنسىز. سىزدەك مەدەنىيەتلىك قىزلار كۆپ ئەمەس. تولىمۇ يېقىملىق قىز ئىكەنسىز.

قەمەر: رەھمەت، رەھمەت، ئۇنچىۋالا ئەمەس...

نازىر قىزنى ئۆزىگە يېقىنراق تارتىپ كۆزلىرىگە قارايدۇ.

نازىر: سىزنى كۆڭلىڭىزدىكىدەك ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن. خاتىرجەم بولۇڭ.

قەمەر: رەھمەت، كۆپ رەھمەت!

نازىر: مەن كۆپ ئوقۇمىغان، لېكىن دوستلۇقنى قەدىرلەيمەن. مەن «تۇتقان دوستۇڭنىڭ كىملىكىنى چۈشەنسەڭ، ئۆزۈڭنى چۈشەنگەن بولىسەن» دېگەن مەشھۇر چەت ئەل تەمسىلىگە تولىمۇ چوقۇنىمەن.

قەمەر: ھەقىقەتكە چوقۇنۇش بىر خىل گۈزەل پەزىلەت.

نازىر: ھا ـ ھا ـ ھا... پەلسەپەدىمۇ پېتىلگەن ئوخشايسىز.

قەمەر: قولاق موللىسى.

نازىر: ھاراق ـ شارابقىمۇ ئېغىز تېگىپ قويامسىز؟

قەمەر: بىرەر ـ يېرىم يۇتۇم...

نازىر: ھا ـ ھا ـ ھا. مۇنداق دەڭ. دوستلۇق ئۈستىگە ئۈلپەتچىلىك قوشۇلسا، ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك يارىشىدۇ دەڭا.

* * *

تانسىخانىنىڭ ئالدى. كېچە.

قەمەر نازىرنى قولتۇقلىۋالغان. ئۇ مەڭزىنى ئۇنىڭ بىلىكىگە يېقىۋالغان ھالدا ئەركىلەپ پىكاپقا چىقىدۇ. بۇ ئەھۋالنى نېرىدا ـ دەرەخ تۈۋىدە بىر ئايالغا ھەدەپ يامىشىپ ئايناقلاۋاتقان ئۆمەر كۆرۈپ قالىدۇ.

ئۆمەر: قەمەر؟ مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە. ھىم، باشلىقلاردىن ئاشنام بار، دېگىنە!

يېنىدىكى ئايال: قالتىس قىزكەن. باشلىققا ئېرىشمەك، بەختكە ئېرىشمەك دېگەن گەپ. سەندەك قاسماقتىن نېمە پايدا چىقاتتى. تۈت گۈندىپاينىڭ باشلىقى بولسىمۇ، سېنى ئۇنىڭغا پېتەك قىلىپ بېرەتتىم!

ئۆمەر: ئاناڭنى... ۋۇي ئىت جالاپ!

ئۆمەر ئايالنى شاپىلاق بىلەن ئۇرىدۇ.

* * *

باقىنىڭ ئۆيى. باقى قەمەرگە دەۋەيلىمەكتە:

ـ مېنى زاۋۇتتا يۈرگىلى قويامسەن ـ قويمامسەن؟ ماڭا يۈز كېرەك، يۈز.

قەمەر: يۈز ـ ئابروي ماڭىمۇ كېرەك دادا... يۈز تۆكۈلگۈدەك ھېچ ئىش قىلمىدىم.

باقى: ئۆمەرنىڭ كۆرگىنى يالغانمۇ ئەمىسە؟

قەمەر: راست.

باقى: يەنە يۈز تۆكۈلگۈدەك ئىش قىلمىدىم، دەيسىنا ئەمىسە؟

قەمەر: زىياپەت، تانسا، ماشىنا دېگەنلەر يۈز تۆكىدىغان نەرسىلەر ئەمەس، دادا!

باقى: كېچىدە ناتونۇش ئەرلەر بىلەن سۆرۈشۈپ يۈرۈشچۇ؟

قەمەر: ھا ـ ھا ـ ھا... ياتىڭجاڭنى ماشىنىسىغا يۆلەپ چىقىرىپ قويدۇم. يېنىدا ئولتۇردۇم. ئۇ كىشى مېنى ئۆيۈمگە ئەكېلىپ قويدى. بولغان ئىش شۇ. ئاخشام كۆردۈڭغۇ!

باقى: بۈگۈن پۈتۈن زاۋۇتتا بىر گەپ. باقىنىڭ قىزى ئۇنداقچى، باقىنىڭ قىزى مۇنداقچى دەپ...

باقىنىڭ ئايالى: ھەممە گەپنى تاپقان مۇشۇ قوشنىمىز. ۋاي ـ ۋۇي نېمىلەرنى تاپمىدى، نېمىلەرنى قىلمىدى. مەككىنىڭ رودىپىيىدەك نەگىلا بارساق قوشنا، بۇ ئادەم يا بۇ قادىر دېگەن كوت ـ كوتتىن نېرى تۇرمىدى!...

تۆۋەندە پىكاپ سىگنال بېرىدۇ. پىكاپنىڭ يېنىدا ئەركىن. ئۇ باقىنىڭ ئۆيىگە قاراپ تەقەززالىق بىلەن ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭىدۇ.

باقى غەزەپ بىلەن بالكونغا چىقىدۇ. ئۇ ئەركىنگە ۋارقىرىماقچى بولىدۇ. شۇ چاغدا يېنىدىكى بالكوندا قادىر، ئايالى، رەخىمە، ئۆمەرلەر پەيدا بولىدۇ.

رەخىمە: پاھ، ئەركىن، «ئاۋدى» ئەكەپسىز ـ دە. نازىر بولدىڭىزمۇ نېمە؟

ئەركىن بېشىنى ئېگىپ، قوللىرىنى شىلتىپ بىر نېمىلەرنى دەيدۇ.

قادىر: (باقىغا قاراپ) پاھ، پاھ، پاھ، ئاخشام «خانتاجى» دا ئەكەلگەن. ئەمدى «ئاۋدى» كەپتۇ. دۆلەتنىڭ بار جۇمۇ باقى!

باقى: بولمايچۇ؟ ئوقۇغانىنىڭ پايدىسى.

ئوقۇمىسالڭ پاقىدەك سەكرەپ - سەكرەپ جايىڭغا چۈشىسەن!

قادىرنىڭ ئايالى: ئۆمۈلىسەكمۇ، سەكرىسەكمۇ ئىززەت - ئابرويىمىز تۆكۈلگىنى يوق!

باقىنىڭ ئايالى: (ئالدىراپ بالكونغا چىقىپ) نېمە دەۋاتىلا، كىمگە دارتىملاۋاتىلا، ئېغىزلىرىنى چايقىنۋېتىپ گەپ قىلىسىلا. بىز ھېچقاچان يۈز تۆكۈلىدىغان ئىش قىلمىدۇق. پىكاپقا چۈشكەنگە يۈز تۆكۈلسە، باشلىقلارنىڭ يۈزى يوق ئىكەن - دە، ئەمىسە؟

ئۆينىڭ ئىچىدە قەمەر قاقاقلاپ كۈلىدۇ.

* * *

پىكاپنىڭ ئىچى. ئەتىگەن.

قەمەر غەزەپ بىلەن غادىيىپ ئولتۇرىدۇ.

ئەركىن ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ سۆزلەيدۇ:

- يا تىڭجاڭ مەست بولۇپ قاپتۇ. بولمىسا ئۇ ئۇنداق يەڭگىل ئادەم ئەمەستى.

قەمەر: چەكتىن ئېشىپ كەتسە ھەر قانداق ئىش ئەكسىگە يانىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ماڭا بولغان دوستلۇقى چەكتىن ئېشىپ كەتتى. شۇڭا مېنىڭ ئۇ ئادەمگە بولغان ھۆرمىتىم نەپرەتكە ئايلاندى.

ئەركىن: ئۇنچىۋالا دەپ كەتمە. چەكتىن ئېشىپ نېمە قىلدى؟

قەمەر: نېمە قىلسا بولاتتى؟ قولۇمغا سۆيدى، چېچىمنى پۇرىدى، گەپ قىلمىسام تېخى قۇچاقلىماقچى بولۇپ يۈرمەمدۇ، قېرىغىنىنى تۇيماي.

ئەركىن: (بىئارام بولۇپ) دېدىمغۇ، مەست بولۇپ قالدى دەپ. بولمىسا ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئادەم. سىلكىۋەتمىگەنسەن، ئىش بۇزۇلىدۇ جۇمۇ؟

قەمەر: يامىنىغا كەلسە، سېمونت زاۋۇتىدا ئىشلەرمەن. ئۇلارنىڭ تەجرىبىخانىسىغىمۇ مەندەكلەر لازىمكەن.

ئەركىن: ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ زاۋۇتقا كىردىڭمۇ، بولدى، بىر ئۆمۈر جاپاغا قالدىڭ دېگەن گەپ. خىزمىتىڭ كۆرۈنمەيدۇ، ئۆسەلمەيسەن. چېچىڭ ئاقارغاندا ئارانلا سېخ مۇدىرى بولالايسەن، ھەر قانچە ئۆسسەڭ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى بولالايسەن شۇ. ئارانلا مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك. باشلىقلارنىڭ قېشىدا بولساڭچۇ، بىرلا ئۆرلىسەڭ باشقارما باشلىقى، يەنە بىر ئۆرلىسەڭ مۇئاۋىن نازىر بولالايسەن. سېنىڭ ئۆسۈش ئىستىقبالىڭ بار، قەمەر. نېمىشقا دېسەڭ، سەن بىلىملىك، مۇناسىۋەتشۇناسلىققا ماھىر، زامانىۋى ئاڭغا ئىگە.

قەمەر كۈلۈمسىرەيدۇ. ئۆزىنى ياسىغاچ ئەينەككە قاراپ قويۇپ ئەركىننى جەينىكى بىلەن نوقۇيدۇ.

قەمەر: ئادەملەرنى كۆزىتىش ئىقتىدارىڭ خېلى ئۆسۈپ قاپتۇ جۇمۇ.

ئەركىن: يارايمەنمۇ؟

قەمەر: ئادەمنى يىرگەندۈرمىسەڭلا ياخشىتىغۇ. شۇ چاغدا دوستلۇقنى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى.

ئەركىن: دوستلۇقتىن نېرىغا ئۆتكىلى بولمامدۇ تېخى؟

قەمەر: يىرگىنىشلىك نەرسىنىڭ سۆيۈملۈك نەرسىگە ئايلىنىشى ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ دەپ ئۆزۈڭدىن سوراپ كۆرگىن؟

ئەركىن: مەن ئۈچۈن بۇ سوئالغا سەن جاۋاب بەرسەڭ بولمامدۇ قەمەر؟ مەن دېگىنىڭنى قىلاي زادى.

قەمەر: مېنىڭ دېگىنىمنىلا قىلساڭ، ئۇ چاغدا تېخىمۇ يىرگىنىشلىك ئادەم بولىسەن. بىر كىتابتا مۇنداق بىر ياخشى سۆز بار ئىكەن: ئادەم ئەگەر بەدەل تۆلىمەيدىغان بولسا، ھەقىقىي تۇرمۇشقا ئىگە بولالمايدۇ.

ئەركىن: (كۆزلىرىنى چىمىلدىتىدۇ) بەدەل؟ كىم ئۈچۈن؟ سەن ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل بولسىمۇ تۆلەشكە رازىمەن.

قەمەر: (ئەركىننى ئىتتىرىپ) ياق، باشقا ئادەم ئۈچۈن ئەمەس، ئادەم ئۆزى ئۈچۈن بەدەل تۆلىشى كېرەك. ھەر بىر قەدەمنىڭ بەدەل تەلەپ قىلىدۇ. نېمىشقا دەمسىنا؟ بەخت - قەدەملىرىڭ بىلەن قولغا كېلىدۇ، ئەركىن.

ئەركىن مۇرىسىنى قىسىپ، كۆزلىرىنى چىمىلدىتىدۇ.

ئەركىن: ھېچنەرسىنى چۈشەنمىدىم.

قەمەر: ھا ـ ھا ـ ھا. مەڭگۈ چۈشەنمەيسەن. ھا ـ ھا ـ ھا.

* * *

سېمونت زاۋۇتىنىڭ بىنا، تۇرخۇن، مۇنارلىرى، ئايلىنىۋاتقان پېچلار، لاۋۇلداۋاتقان ئوت، تاسمىلاردا كېتىۋاتقان ھاك تاش، گىپس، تۆمۈر رۇدىسى، سىلانتىس، پىرقىراۋاتقان چاقلار ئېكراندىن ئۆتىدۇ. بېشىغا تۇم سېرىق بىخەتەرلىك قالپىقى كىيگەن، قارا كۆز ئەينەك تاقىغان زۇنۇن پېچلاردىكى ئوتنى، كونترول سېخىدىكى ئۇششاق سترېلكا، رەقەملەرنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىپ ئىشچىلارغا بىرنېمىلەرنى دەيدۇ. شىياۋلى ئۇنىڭغا دوكلات قىلىدۇ:

ـ تېمپېراتۇرا، قويۇقلۇق، تېزلىك، زىچلىق ھەممىسى نورمالنى.

زۇنۇن: سۈرئەت، سۈپەت، ئىنتىزامچۇ؟

شىياۋلى: (كۈلۈپ ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئۇرىدۇ) نورمالنى، ھەممىسى جايىدا، باشلىق.

زۇنۇن: ئۆتكەن ئايدا 2 ـ نومۇرلۇق خۇمدان رېمونت قىلىنمىغاچقا، ئايلىق پىلان 15% كەم ئورۇندالدى. بۇ ئايدا پىلاننى 18% ئاشۇرۇپ ئورۇنداشقا ۋەدە بەردۇق. قانداق، شىياۋلى، ئورۇندىيالايمىزمۇ؟

شىياۋلى: مېنىڭچە مۇمكىن.

زۇنۇن: ۋەزىپە ئېغىر، شىياۋلى.

شىياۋلى: ۋەزىپىنىمۇ ئورۇندايلى، دەم ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇمايلى. سىز ئۈچ ھەپتە بولدى دەم ئالمىغىلى.

زۇنۇن: كۆپرەك ئىشلەش ئەلا ياخشى دەم ئېلىش.

شىياۋلى: (كۈلۈپ) توي قىلىشچۇ؟ ئۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ يا؟

زۇنۇن: (دىققەت بىلەن بىر گرافىغا قاراۋېتىپ) شىياۋلى، بۇ نېمىكەپ؟

شىياۋلى: تۈنۈگۈن شىياۋگاۋ بىر مىنۇت ئۇخلاپ قاپتىكەن، تېمپېراتۇرا ئىككى گرادۇس ئۆرلەپتۇ. ئەمما...

زۇنۇن: تەكشۈرۈپ سىنالسۇن. شىياۋلى، سۈپەتكە بىر دەقىقە بولسىمۇ كېھىللىك قىلىش كېرەك.

شىياۋلى: تەكشۈرۈپ سىنالدى، نورمالنى. مانا تەكشۈرۈپ سىناش جەدۋىلى!

زۇنۇن ئىخلاس بىلەن كۆرۈپ كۈلۈمسىرەيدۇ.

شىياۋلى: ھە، توي قاچان؟...

شۇ چاغدا تېلېفون جىرىڭلايدۇ. زۇنۇن تېلېفوننى ئالىدۇ.

زۇنۇن: مانا ھازىر بارىمەن.

ئۇ تۆمۈر شوتىدىن ئالدىراپ چۈشىدۇ.

* * *

قاچىلاش سېخى، كۈندۈز.

رەخىمە سالپاڭ قولاق باش كىيىمى بىلەن ئالدىراپ تۆمۈر شوتىغا چىقىدۇ. سۇلياۋ خالتىلارنى كۆزدىن كۆچۈرىدۇ. ھەممە نەرسە تەق، ئادەملىرىمۇ ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

كۇنۇپكا بېسىلىدۇ. ئاپتوماتىك قاچىلاش باشلىنىدۇ. رەخىمە سۇلياۋ خالتىنى قاچىلىغۇچقا تولىمۇ چاققان، تولىمۇ تېز تۇتۇپ بېرىدۇ. خالتا ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ سېمونت قاچىلىنىدۇ ـ دە، خالتىلار نوكەش ئارقىلىق تۆۋەنگە ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ماھىر قوللىرى، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئىشقا تىكىلگەن چىرايلىق كۆزلىرى ئېكراندىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا چىرايلىق ياسانغان باھار كېلىدۇ.

باھار: ھەدە، ھەدە، قاچان ئىشتىن چۈشىسەن؟

رەخىمە: نېمە ئىش بار ئىدى.

باھار: كونسېرت بېلىتى ئەكەلدىم. قازاقىستاننىڭ. چوقۇم بارىمىز جۇمۇ!

رەخىمە: ياق ئۇكام، بارالمايمەن. بۈگۈن ئىشتىن كەچ چۈشىمەن.

باھار: نېمىشقا؟

رەخىمە: سىمېنا قوشۇپ ئىشلەيمىز. بۈگۈنكى ۋەزىپە ئېغىر، تېخى تۆتتىن بىر قىسىم سېمونتنىمۇ قاچىلاپ بولالمىدۇق.

باھار دومسىيىدۇ ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە غۇدۇڭشىيدۇ:

ـ سىمېنا قوشۇش... سىمېنا قوشۇش... ھەممىسىنىڭلا ئاغزىدا شۇ گەپ.

* * *

زاۋۇت باشلىقى ئىشخانىسى، كۈندۈز.

ئادەملەر ھېلىدىن - ھېلىغا كىرىپ چىقماقتا. تېلېفونلار جىرىڭلاپ تۇرىدۇ. زاۋۇت باشلىقى قەغەزلەرگە ئىمزا قويىدۇ. بەزىلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. بەزىلىرىگە: «شۇنداق قىلىڭ، شۇنداق بولسۇن» دەپ ئىش بۇيرۇيدۇ. دېۋاندا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان قەمەر ھېلىدىن - ھېلىغا سائىتىگە قاراپ قويىدۇ. ئاخىر زاۋۇت باشلىقى قەمەرگە قارايدۇ.

زاۋۇت باشلىقى: ھە، قەمەر، باقمىنىڭ ھېلىقى شوخ قىزى سىزغۇ. قاراڭ، ئاجايىپ چىرايلىق قىز بوپسىز. ئۆگىنىش نەتىجىڭىز ياخشىكەن، ئوقۇغان كەسپىڭىزمۇ زاۋۇتىمىزغا تازا ئېھتىياجلىق كەسىپ ئىكەن. دادىڭىز ماڭا دېۋىدى، مەن سىزنى بىزنىڭ زاۋۇتنىڭ تېخنىكا بۆلۈمىگە قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولدۇم. قانداق بوپتۇ؟

قەمەر: ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، چاڭجاڭ. مەن... مەن... خىزمەت تېپىپ بولدۇم. زاۋۇتتا ئىشلىيەلمەيدىغان ئوخشايمەن.

زاۋۇت باشلىقى: سىز تاپقان ئىدارە نېمە ئىش قىلىدىغان ئورۇنكەن؟

قەمەر: مەخسۇس چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن ئۈسكۈنىلەرنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ ئىش ئۈنۈمدارلىقىنى تەتقىق قىلىدىغان تېخنىكا ئورنى ئىكەن. دائىم چەت ئەللەرگە چىقىپ تۇرىدىكەنمىز.

زاۋۇت باشلىقى: مۇنداق دەڭ. بىزدە چەت ئەلگە چىقىش ئىمكانىيىتى ئاز. لېكىن خەلققە پايدا يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتى چوڭ. زاۋۇتىمىزدىكى ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن. 90 - يىللاردىكى ئەڭ زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىزدىمۇ بار. توققۇز قېتىم مەملىكەت بويىچە ئىلغار بولۇپ باھالاندۇق. «بىرىنچى دەرىجىلىك كارخانا» دېگەن شەرەپلىك نامىمىز بار. دۆلەتكە ھەر يىلى يەتتە - سەككىز مىليون يۈەن پايدا تاپشۇرىمىز. زاۋۇتىمىزنىڭ ئىستىقبالى پارلاق. مېنىڭچە بولغاندا، زاۋۇتىمىزدا ئىشلەپ قالغىنىڭىز ياخشى، قەمەر!

قەمەر: سىزگە كۆپ رەھمەت چاڭجاڭ. دادام بۇ زاۋۇتتا 40 يىل ئىشلىدى. ھازىر ئىنىممۇ ئىشلەۋاتىدۇ. زاۋۇت بىزنىڭ ئۆز ئائىلىمىز بولۇپ قالدى. لېكىن بىزنىڭ ئائىلىدىنمۇ بىرەرسىمىز جەمئىيەتكە چىقىپ باقايلى.

زاۋۇت باشلىقى: (خاپا بولىدۇ) بىزنىڭ زاۋۇت جەمئىيەت ئەمەسمىكەن؟ جەمئىيەتتە بار قايسى نەرسە بىزدە يوقكەن؟

ئېكراندا زاۋۇت بىنالىرى، كۇلۇبلار، تائامخانا، بازار، باغ، مەكتەپ، دوختۇرخانا، بەسلى، پېنسىيىگە چىققانلار كۇلۇبى... قاتارلىقلاردىن گۈزۈك - گۈزۈك كۆرۈنۈشلەر ئۆتىدۇ.

زاۋۇت باشلىقى: سىلەر ياشلار قانداق ئويلايسىلەركىنتاڭ؟ زاۋۇتنى سۆيۈش - جەمئىيەتنى سۆيۈش، ھاياتنى سۆيۈش، خەلقنى، ئىنسانىيەتنى سۆيۈش ھېسابلانمامدىكەن؟

قەمەر: بۇ چاڭجاڭ نېمىگە خاپا بولىسىز؟ مەن زاۋۇتنى يامان دېمىدىم. بۇ يەردە ئىشلەشنى خالىمايمەن دېدىم شۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ تاللاش ھوقۇقى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ رولىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرالايدىغان ئورۇننى كىممۇ تاللىمايدىكەن؟

زاۋۇت باشلىقى: نېمىنى تاللىماقچى؟ راھەت - پاراغەت، نام - ئابروي، ئوڭاي يول تاللىماقچىمۇ؟

قەمەر: چاڭجاڭ، سىزنىڭ خالىغانچە خۇلاسە چىقىرىشىڭىزغا يول قويمايمەن، غەمخورلۇقىڭىزغا رەھمەت، خوش ئەمىسە!

ئېكراندا ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كېتىۋاتقان قەمەر، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خاپا بولۇپ ئېككى بىلىكى بىلەن بېلىگە تايىنىپ تۇرغان زاۋۇت باشلىقى ئايرىم - ئايرىم كۆرۈنىدۇ.

* * *

زاۋۇت ئىشخانىسى بىناسىنىڭ ھويلىسى، كۈندۈز.

ئاجايىپ چىرايلىق كىيىنگەن قەمەر كۆڭلۈك تۇتقان ھالدا ئالدىراپ سىرتقا ماڭىدۇ. زاۋۇت تەرەپتىن ناچار كىيىنگەن رەخىمە بىر قىز بىلەن چىقىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدا ئىش كىيىملىرى.

رەخىمە: قەمەر!

قەمەر كەينىگە بۇرۇلىدۇ.

قەمەر: رەخىمە، ئىشتىن چۈشتىڭمۇ؟

رەخىمە: نېمانچە ئالدىراش؟

قەمەر: ئىشىمىزلار ئالدىراش بولىدىغان ئوخشايدۇ.

رەخىمە: تاللاش باسقۇچىدىكىلەر ئالدىراش بولىدۇ زادى.

قەمەر: ئەجەب گەپكە ئۇستىغۇ سەن رەخىمە، ساڭا ئوخشاش ئامەتلىك بولسام دەپ ئارمان قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

رەخىمە: ئۇنداقتا، چاڭ - توزانغا مىلەنگۈچەلەرنى ئامەتلىك دېيىش توغرا كەلسە، بىزنىڭ ئاستىمىزدىكى پارچە سېمونت قاچىلىغۇچىلار ئەڭ ئامەتلىك ئىكەن -دە.

قەمەر: گۈل - چېچەك ئىچىدىكىلەردىن كۆڭلى غەشلەر، چاڭ - توزان ئىچىدىكىلەردىن كۆڭلى شاد - خۇراملار چىقىدۇ. بەخت مۇھىتتا ئەمەس، كۆڭۈلدە ئاداش!

رەخىمە: مۇنداق دېگىنە پەيلاسوپ دوستۇم. ساڭا ئېرىشكەن يىگىت تۆت نەرسىگە بىراقلا ئېرىشىدۇ، قەمەر. چىراي، بىلىم، مۇزىكا، شېئىر!

قىزلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشىدۇ، قەمەر رەخىمەنى يالغاندىن ئۇرۇپ قويىدۇ. ئۇلار قولتۇقلىشىدۇ.

رەخىمە: شۇنداق قىلىپ زاۋۇتتا ئىشلىمەيدىغان بولدۇڭمۇ؟

قەمەر: ھەئە، ئىشلىمەيدىغان بولدۇم، ئاداش.

رەخىمە: ئىشلىمەكچى بولغان يېرىڭ كۆڭلۈڭگە ياقامدۇ؟

قەمەر: ياقىدۇ ئاداش، خۇددى زۇنۇن ساڭا ياققاندەك ياقىدۇ.

رەخىمە: (كۈلۈپ) بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزگە ئوخشاپ قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن دېگىنە ئاداش.

قەمەر: بۇ نېمە دېگىنىڭ ئاداش، سىلەرگە ھەممە ئادەمنىڭ زوقى كېلىۋاتسا...

رەخىمە: كۆز تەگكەن ئوخشايدۇ، ئۇستىمىزدە بىر قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ قالدى.

قەمەر: نېمە دەيدىغانسەن ئاداش؟ بۇلۇت دېدىڭمۇ؟ بەلكى ئىككىڭلارنى كۆيۈپ ئازابلانمىسۇن دەپ خۇدايىم ئۇستۇڭلارغا سايىۋەن بۇلۇت ئەۋەتكەندۇ.

رەخىمە: ئۇستىمىزگە قار - مۆلدۈر ياغامدۇ تېخى!

قەمەر: قار - مۆلدۈردىن كېيىن تېخىمۇ ئىللىق كۈن چىقىدۇ دوستۇم. خاتىرجەم بول، زۇنۇن ياخشى يىگىت.

رەخىمە: ياخشى، لېكىن ھېسسىيات يېتەرسىز. بىز قىزلار ئۇلاردىن ئىش، پىلان توغرىسىدا سۆز ئاڭلاشنى خالىمايمىزغۇ. ئۇ مەن بىلەن ئىش، پىلان، ۋەزىيەت توغرىسىدىلا قىزغىن سۆزلىشەلەيدۇ.

قەمەر: (قاقاقلاپ كۈلۈپ) مۇنداق دە. ئۇنداق بولسا ئادەمنى بىزار قىلىدۇ.

رەخىمە: راست بىزار بولۇۋاتىمەن. ئۇ ساڭا يېقىنغۇ، ئاز - تولا تەسىر ئۆتكۈزۈپ قوي. شېئىري ھېسسىياتتىن ئۇنىڭغىمۇ ئارىيەت بەرگىن، قەمەر.

قەمەر: (تەنە بىلەن) نېمانداق مەرد بولۇپ كەتتىڭ دوستۇم. ئۇنى باشقىلارغا رېمونت قىلىشقا بېرىۋېرىپ ئايرىلىپ قالمىغىن يەنە.

ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشىدۇ. يېنىدىن چاڭ توزىتىپ بىر ماشىنا ئۆتىدۇ. قەمەر قوللىرى بىلەن چاڭ - توزاننى يەلپۈيدۇ.

قەمەر: مانا شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرغۇم كەلمەيدۇ - دە!

رەخىمە: مېنىڭ كەتكۈم كەلمەيدۇ،

ئۇلار يەنە كۈلۈشىدۇ. شۇ چاغدا بىر ئالىي دەرىجىلىك پىكاپ توختاپ، ماشىنىدىن ئەركىن بېشىنى چىقىرىدۇ.

رەخىمە: تۇرغۇڭ كەلمىسە ئەنە ماشىنا، بەي بەي... (قاقاقلاپ كۈلىدۇ)

قەمەر: جۇر، بىللە گويناپ كېلەيلى، زۇنۇننىمۇ ئېلىۋالايلى!

رەخىمە: بىر جېنىڭغا ئىككىنى نېمە قىلارسەن. ھا - ھا - ھا... (كېتىپ قالىدۇ)

* * *

ئالىي رېستوراندا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈلمەكتە.

يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە كۆڭۈللۈك تانسا بولماقتا.

رومكا كۆتۈرۈۋالغان ئەركىن جوزىدىكىلەرگە سۆزلىمەكتە:

– قەمەر مېنىڭ ساۋاقدىشىم، ياق، ساۋاقدىشىملا ئەمەس، يەنە، يەنە... ھە - ھە... – ئۇ قەمەرگە قاراپ - قاراپ قويىدۇ. قەمەر كۈلۈپ قويۇپ سۆزلەيدۇ:

– يەنە... يەنە... نېمانداق تۈگىمەيدىغان يەنە بۇ!

ھاراق ئىچىشكە تەقەززا بولۇپ ئولتۇرغان بىر شاللاق يىگىت ئۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپلا سۆزلەيدۇ:

– يەنە، بولغۇسى ھەمرىھىم دەۋەرمەمسەن، ئەركىن!

ئەركىن ئالاقزادە بولىدۇ:

– دىلشات لاۋبەن①، دىلشات ئاداش، لاۋبەن ئاداش...

كۆپچىلىك كۈلۈشىدۇ. دىلشات كېرىلىپ، تەكەببۇرلۇق بىلەن سۆزلەيدۇ:

– نېمە، نېمە؟ 90 - يىللارنىڭ ئالىي مەلۇماتلىق يىگىتى تۇرۇپ ھېسسىياتىڭنى يوشۇرامسىنا؟ ماڭا يۈز قېتىم ئېيتتىڭ، قىزغا تېخى دېيەلمىدىڭما؟ ئەلچى لازىممۇ يا؟ ھا - ھا - ھا.

قەمەرنىڭ چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەيدۇ. ئۇ قولىدىكى رومكىنى قويۇپ قويىدۇ.

* * *

دىلشات قەمەرنى تانسىغا تارتىدۇ. قەمەر تەستە ئورنىدىن تۇرىدۇ. دىلشات ھاياسىز قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ مۈرىلىرىنى سىلايدۇ. قەمەرنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، دىلشاتنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ ئۆزىدىن نېرى قىلىدۇ. دىلشات ئۇنىڭغا ئالىيىدۇ:

– مەن جىق قىزلارنى كۆرگەن، ئەمما سىزدەك...

– ھە، نېمە بولدى... بۇنداق تولۇق قىزنى كۆزمىگەن دېمەكچىمۇ؟

– ياق، ياق... چىرايلىق، قابىلىيەتلىك قىزنى دېمەكچى. سىز چوقۇم نەپىس بۇيۇملار شىركىتىنى ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلەيسىز.

قەمەرنىڭ چىرايى ئېچىلىدۇ:

– شىركەت ھەممە ماللارنى ياۋروپادىن كىرگۈزىدىكەن، ئاۋام چەت ئەللەرگە چىقىدىغان گەپكەن، بۇ تەرىپى ماڭا ياقتى.

– سىز ئىنگلىزچىنىمۇ ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز. ئۇيغۇر يىگىتلىرىنى دۇنياغا بىز تونۇتتۇق. قىزلىرىنى ئەمدى سىز تونۇتىدىغان بولدىڭىز.

– قاچان ئىشقا چۈشىمەن؟

– دۈشەنبە ئىشقا چۈشۈڭ. مېنىڭ سۆزۈم - قارار. ئايلىقىڭىز ھازىرچە 1300 كوي.

– ۋاي - ۋۇي، نېمانچە جىق.

– دۆلەت ئورۇنلىرىغا سېلىشتۇرغاندا جىق. لېكىن بىزگە سېلىشتۇرغاندا... ھا - ھا - ھا... تولىمۇ ئاز.

ئېكراندا دىلشاتنىڭ قوللىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈك، بوينىدىكى ئالتۇن زەنجىرى كۆرۈنىدۇ. قەمەرنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقنى كۆرۈپ، دىلشات ئۇنىڭ مۈرىلىرىنى يەنە سىلايدۇ، يۈزىنى يۈزىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. قەمەر ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

دىلشات: سىز ئەمدى بىزنىڭ شىركەتنىڭ ئادىمى، مېنىڭ ئادىمىم!

ئۇ شەھۋەتپەرەسلىك بىلەن قەمەرگە ئاچكۆزلەرچە تىكىلىدۇ.

دىلشات: مېنىڭ «ئارام كۈن» مېھمانخانىسىدا مەخسۇس ياتىقىم بار، كۆرۈۋالامسىز قەمەر.

قەمەر: كېيىن كۆرەرمىز... – ئۇنىڭ چىرايى يەنە تاتىرىدۇ، لەۋلىرى تىترەيدۇ.

دىلشات: مەن ھازىر بېرىشنى تەكلىپ قىلسامچۇ؟

قەمەر: ياق، كەچۈرۈڭ، كەچ بولۇپ كەتتى.

دىلشات: بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ھەمىشە كەچتە پۈتىدۇ، كېچە - كۈندۈز دەيدىغانغا بىز ھۆكۈمەت ئىدارىسى ئەمەس!

قەمەر: ياق، ئاپامغا سائەت توققۇزدىن كېيىن قالمايمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنمەن.

دىلشات: سىز مېنىڭ ئادىمىم. بۇندىن كېيىن مېنىڭ گېپىم گەپ بولىدۇ.

---

① لاۋبەن – خوجايىن

قەمەر: ئىشتا شۇنداق،

دىلشات: ئۇنداق بولسا بۇيرۇق: ھازىر ياتاققا بارىمىز.

قەمەر: ئەركىن، قېنى سىز؟

دىلشات: قورقماڭ، ئەركىنمۇ بىللە بارىدۇ.

* * *

كەچ. توختاپ كەتكەن ماشىنىلار بىلەن تولغان كوچا. قەمەر بىلەن ئەركىن پىكاپتا گەپ تالاشماقتا. شوپۇر يولنىڭ چېتىدە بىگۈر يىمەكتە. قەمەر ئاچچىق بىلەن پىكاپتىن چۈشىدۇ:

— بۇ يەردە يېرىم كېچىگىچە كۈتۈپ ئولتۇراتتىممۇ ئەمىسە. پىيادە كېتىمەن.

ئەركىن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ يالۋۇرىدۇ:

— ئۇنداق قىلما قەمەر، سەل تۇرۇپ يول ئېچىلىدۇ. مانا ھاۋا تەڭشىگۈچنى ئېچىپ، سوغۇق شامال قويۇۋەتتىم. سىرتتا ئېھتىيات قىلساڭ، پىكاپتا ئولتۇرىۋەرگىن، — ئۇ قەمەرنى پىكاپقا تارتىدۇ.

— ياق، ياق، قويۇۋەت. مەن ئاتا - ئانامغا كەچ سائەت توققۇزدىن كېيىن قالمايمەن دەپ ۋەدە بەرگەن. دېمىسىمۇ ئاپام مەن توغرىلىق نۇرغۇن تاپا - تەنە ئاڭلاپتۇ!

— ئۆي خوتۇنلىرىنىڭ گېپىگىمۇ قۇلاق سالامسىنا؟

— نېمە؟ سېنىڭ ئاپاڭچۇ؟ ئۇلار ئادەم ئەمەسمىكەن؟

— بىز دېگەن يېڭى دەۋرنىڭ ۋەكىللىرى، دەۋرگە لايىق ئىش قىلساڭ بولار؟

— سەن تېخى بىلمىسىزكەنسەن ئەركىن. بىزگە زۆرۈر بولغان نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلەر ئاشۇ ئۆي خوتۇنلىرىدا. بىز بۇنى سىرتتىن، ھەتتا چەت ئەللەردىن ئىزدەپ ئاۋارە!

— بۇ نېمە دېگىنىڭ قەمەر؟

— ئۆزۈڭنى ئاپاڭغا ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ باق. شۇ چاغدا بىلىسەن.

— ھا - ھا - ھا... تاپقان گېپىڭنى قارا. ئاپامغىما؟ ئاپام تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، كوتۇلداش، غەيۋەت قىلىشتىن باشقا نېمىگە يارايتتى!

— بىرلا نەرسىنى دەپ بېرەي: ھېچ بولمىسا ئاپاڭ ئۆزىدىن باشقا بەش ئادەمنىڭ، يەنى داداڭنىڭ، تۆت بالىسىنىڭ بەختىنى ئويلايدۇ، ئۆزىنى شۇلارغا بېغىشلىغان. سەنچۇ؟ ئۆزۈڭدىن باشقا بىر ئادەمنىڭ بەختىنى ئويلاپ باققىنىڭمۇ زادى؟

— سېنىڭ بەختىڭ، مېنىڭ بەختىم قەمەر. سېنى ئويلىمايدىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق!

— مېنى بەختلىك قىلالمايسەن ئەركىن. ئەگەر مېنى خۇشال قىلاي دېسەڭ دېگىنىمنى قىل!

— نېمە قىلاي؟

— كۆززۈمگە كۆرۈنمە، ماشىناڭ بىلەن بىللە يوقال. سېنىڭدىنمۇ، سېنىڭ ئارىلىشىدىغان ئادەملىرىڭدىنمۇ بىزارمەن. بۇندىن كېيىن مېنى ئىزدىمە!

قەمەر ئەركىننى سىلكىۋېتىپ يەنە پىكاپتىن چۈشىدۇ. ئەركىن ئۇنى قوپاللىق بىلەن قۇچاقلىۋېلىپ، ھاياسىزلىق بىلەن سۆيمەكچى بولىدۇ. قەمەر غەزەپ بىلەن بىر شاپىلاق ئۇرىدۇ. ئەركىنمۇ ئۇنى ئۇرىدۇ. ئارقىدىنلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قەمەرنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ يىغلايدۇ. ئادەملەر كۈلۈشىدۇ. قەمەر ئۇنى قاتتىق سىلكىۋېتىپ يولغا ماڭىدۇ. ئەركىن ئارقىدىن ئۇنى قوغلىغاچ غەزەپلەنگەن ھالدا سۆزلەيدۇ:

— ئاشۇ زۇنۇن ئۈچۈنما؟ ئاشۇ ھېسسىياتسىز ماشىنا ئادەم ئۈچۈنما!

ئۇ قەمەرگە يەنە ئېسىلىدۇ. قەمەر غەزەپ بىلەن ئاچچىق كۈلۈپ قويىدۇ:

— سەن گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ پەرقىنى بىلمەيسەن. شۇڭا، ماشىنا ئادەم دېگەن سەن. بىلىپ قوي: ئادەم دېگەن ئۆزىدىنمۇ يىرگىنىشنى بىلىشى كېرەك. لېكىن سەن بۇنىمۇ بىلمەيسەن!

— مەن يىرگەندىم، مانا سەندىن يىرگەندىم!

— ئىتمۇ باشقىلاردىن يىرگىنىدۇ. ھەقىقىي ئادەم بولساڭ ئۆزۈڭدىن يىرگەن. مېنى كىملەرنىڭ قويىنىغا ئىتتەردىڭ، بىلەمسەن، سەن ماشىنا ئادەم بولماي نېمە!

— سەن ئۈچۈن، نېمە قىلسامۇ سەن ئۈچۈن قىلدىم. قەمەر، ھەي قەمەر!...

* * *

ئېكران ئالمىشىدۇ. ئەركىن ئاسمانغا قاراپ، دەرەخنى قۇچاقلاپ: «قەمەر» دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇنىڭغا جاۋابەن ئاسماندا تولۇن ئاي كۆرۈنىدۇ.

* * *

— قەمەر پىيادىلەر يولىدا ئالدىراپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز كەينىدىن كەلگەن موتسىكلىت ئۇنى سوقۇۋېتىشكە تاس قالىدۇ. قەمەر قايرىلىپ يىگىتنى تونۇپ:

قەيسەر! — دەيدۇ.

— ھەدە!

قەيسەر بىلەن باھار موتسىكلىتتىن چۈشىدۇ. ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشىدۇ ۋە بىردەمدىن كېيىن ئۈچى موتسىكلىتقا مىنگىشىپ ئادەملەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ كېتىدۇ.

لىرىك مۇزىكا ساداسى ئىچىدە گۈزەل مەنزىرىلەر ئېكراندىن ئۆتىدۇ.

* * *

زاۋۇت كوچىسى، كەچقۇرۇن، يېمەك - ئىچمەك يەرمەنكىسى. ھەممە ئادەم يايمىلار ئالدىدا سودىلاشماقتا، يېمەكتە، ئىچمەكتە، ۋارقىراشماقتا.

زۇنۇن ۋېلىسىپىت بىلەن ئالدىراپ ماڭىدۇ. ئۇ باقىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە باقى ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىدىن تۇتۇۋالىدۇ.

زۇنۇن: باقى ئۇستام (ۋېلىسىپىتتىن چۈشىدۇ).

باقى: نەگە ئالدىرايسەن زۇنۇن؟

زۇنۇن: ئىشقا، ئۇستام.

باقى: ئىشقا، ئىشقا... تويغا نېمىشقا ئالدىرىمايسەن، بولىدىغان تويغا يەنە نېمىشقا چېچەك چىقىپ قالدى، بالام؟

زۇنۇن: مەنمۇ بىلمىدىم، رەخمە ئۆزىچىلا قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالدىغۇ - تاڭ.

باقى: سەۋەبىنى بىلەلمىدىڭمۇ؟

زۇنۇن: (ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدۇ) بىلەلمىدىم.

باقى خىيال سۈرىدۇ. ئۇ زۇنۇننىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويىدۇ ۋە ھېسداشلىق بىلەن سۆزلەيدۇ:

— بۇ زاماننىڭ ياشلىرىنى بىلىپ بولمايدۇ زادى. سەن بىر يېتىمسەن. ئاتاڭمۇ - ئاناڭمۇ زاۋۇت. سەن قانداق بالا، ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئالقىنىمدا چوڭ بولدۇڭ. ئۆزۈم ئوقۇتتۇم، ئۆزۈم پارتىيىگە تونۇشتۇردۇم. مانا ھازىر ياخشىلار توغرىلىق گەپ بولسىلا بىرىنچى بولۇپ ئېغىزغا چىقىسەن. سېنى ياراتمىسا، بۇ زاماننىڭ قىزلىرى قانداق ئويلايدىكىنتاڭ؟

بىر ئادەم باقىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ سۆزلەيدۇ:

— سۇلايمان جودا يىقىلىپ زۇۋانىدىن قاپتۇ!

باقى: نەدە؟

ھېلىقى ئادەم: دوختۇرخانىدا.

باقى: ئەستەغپۇرۇللا!

ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ كېتىشىدۇ. زۇنۇن ۋېلىسىپىتىغا مىنىدۇ.

* * *

زاۋۇت ئاشخانىسى، كەچقۇرۇن.

زۇنۇن خىيال بىلەن ئولتۇرىدۇ. قەيسەر سىرتقا موتسىكلىتنى توختىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ.

قەيسەر: زۇنۇن ئاكا!

زۇنۇن گەپ قىلمايدۇ، خىيال بىلەن ئولتۇرۇۋېرىدۇ.

قەيسەر: (ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ) زۇنۇن ئاكا!

زۇنۇن: (چۆچۈپ) ھە قەيسەر، نېمە دەيسەن ئۇكام؟

قەيسەر: ئەتە ياشلار قارىياغاچلىقتا چىقىپ ئويناپ كەلمەكچىدۇق. ھەر بىرىمىز 30 كويدىن چىقارغان. چىقالامسەن؟

زۇنۇن: ھە... ھە.

ئۇ يانچۇقىدىن 50 كويچەن چىقىرىپ قەيسەرگە بېرىدۇ. قەيسەر ئارتۇق پۇلنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولىدۇ. زۇنۇن ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ:

— بولەي، قايتۇرما، — دەيدۇ.

شۇ چاغدا باھار بىر قاچا لەغمەننى ئەكېلىپ زۇنۇننىڭ ئالدىغا دوققىدە قويىدۇ. قاچا چېقىلىپ لەغمەن تۆكۈلىدۇ. زۇنۇن باھارغا ھەيران بولۇپ قارايدۇ. باھار زۇنۇنغا ئالىيىدۇ.

قەيسەر: ساراڭ بولدۇڭمۇ؟

باھار: ساڭا گەپ يوق!

قەيسەر: ساڭا نېمە بولدى؟

باھار: نېمە بولغاننى ھازىر ماۋۇ ئاكاڭدىن، ئۆيگە بېرىپ ئاچاڭدىن سورا!!

باھار غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. زۇنۇن بىلەن قەيسەر بىر - بىرىگە قارىشىپ قالىدۇ.

*　　*　　*

بويتاقلار ياتىقى، كەچقۇرۇن.

خىلمۇ خىل كىيىنگەن ھەر مىللەت ياشلىرى ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇشماقتا.

بىر ياتاقتا دۇتار، تەمبۇر بىلەن قىز - ئوغۇللار ئۇسسۇلغا چۈشكەن. ئۇلار كۈلۈشمەكتە، ۋارقىراشماقتا، چاقچاقلاشماقتا.

زۇنۇن ياتاقلارنى ئارىلايدۇ. قايسى ياتاققا كىرسە ياشلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشىدۇ.

خەنزۇ يىگىت: زۇنۇن شۇجى، بىر رومكا ئىچىپ قويامسىز؟

زۇنۇن: رەھمەت، رەھمەت شياۋيۇ، ئىچىۋېرىڭلار.

ئۇيغۇر يىگىت: خوش كەتتى، قېنى بىر - ئىككى دەسسىۋېتىڭ! - يىگىت ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ. باشقىلار چاۋاك چېلىشىدۇ. زۇنۇن ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

يىگىت A: زۇنۇن شۇجى، سىز ياشلارغا ھەممە ئىشتا ئۈلگە بولۇپلا قالماي، كېچىكىپ توي قىلىشتىمۇ، قىز تاللاشتىمۇ ئۈلگە جۇمۇ.

يىگىت B: مەست بولساڭمۇ كاللاڭغا ئىگە بول دەيمەن، ئوبۇل!

يىگىت A: ئىچىشتىمۇ ئۈلگە بولۇشىڭىز كېرەك!

ئۇ بىر پىيالە ھاراقنى زۇنۇنغا تەڭلەيدۇ.

زۇنۇن: (كۈلۈپ قويۇپ) ھاراقنى ئىچمەي، شېئىر ئوقۇپ بېرەي.

كۆپچىلىك چاۋاك چېلىشىدۇ.

زۇنۇن: ئۆزۈمنىڭ يازغان شېئىرىدىن بىر كۇپلېت ئوقۇپ بېرەي، ماۋزۇسى «نېمە كۆردۈڭ؟»

ياشلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ چاۋاك چېلىشىدۇ.

خىيال بىلەن يەرگە قاراپ لاينى كۆردۈم،
كۆكسۈم كېرىپ كۆككە باقتىم ئاينى كۆردۈم.
خىيال بىلەن تاپالمايسەن ھەرگىز جەننەت،
بەختىڭ ئۈچۈن ھەر بىر قەدەم ساڭا رىغبەت!

ياشلار ۋارقىرىشىدۇ، قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈشىدۇ.

*　　*　　*

نەچچە يۈز كىشىلىك يىغىن زالىدا زۇنۇن خەنزۇ تىلىدا ئىلمىي دوكلات بەرمەكتە. (ئۇنىڭ ئاۋازى بېرىلمەيدۇ) تامغا دىئاگرامما، گرافا ۋە رەقەملەر يېزىلغان خەرىتە ئېسىلغان. زۇنۇن قولىغا تاياق تۇتۇپ بىردە كۆپچىلىككە، بىردە خەرىتىگە قاراپ جۇشقۇن روھ بىلەن سۆزلىمەكتە.

ئېكراندىن ئۇنىڭ خۇش خۇي چىرايى، قىزغىن ھەرىكەتلىرى بىلەن تىڭشىغۇچىلار ئىچىدىن ھەيران قالغان، دىققىتى بىلەن ئاڭلاۋاتقان چىرايلار ئۆتىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاۋازى ئېكران سىرتىدىن بېرىلىدۇ:

- بۇ خىل ئۇسۇلنى سىناق قىلىپ بېقىشقا بولىدۇ. يېقىلغۇ 15% تېجەلسە، مەھسۇلاتنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش مۇددىتىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ تېزلەشسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھسۇلات سۈپىتى ياخشىلانسا... بۇ ئۇسۇلنى سىناق قىلىشقا كېتىدىغان بىر نەچچە تۈمەن مەبلەغنى نېمىشقا تەستىقلاشقا بولمايدىكەن؟

ئېكراندا زاۋۇت باشلىقىنىڭ چىرايى كۆرۈنىدۇ. ئۇ يېنىدىكى مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىبراھىمنى ئاستا نوقۇپ ئۇنىڭغا باشمالتىقىنى كۆرسىتىدۇ.

زاۋۇت باشلىقى: يارايدۇ...

شۇ چاغدا زالدىن ئالدىراپ چىقىپ كېتىۋاتقان رەخىمە ئېكراندا كۆرۈنىدۇ. ئۇ تولىمۇ پەرىشان، ئەسەبىي.

*　　*　　*

زۇنۇننىڭ ئىشخانىسى، كەچ. ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن كىتاب ئوقۇماقتا. دېرىزىسىدىكى يېشىل تاۋار پەردە شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ. تاۋار پەردە ئارىسىدىن بىردىنلا گۈلدەك چىرايلىق بىر قىز پەيدا بولىدۇ. بۇ قىز قەمەر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن كىتابقا بېرىلگەن زۇنۇنغا قاراپ كۈلۈمسىرەيدۇ، ئاندىن قاقاقلاپ كۈلىدۇ. زۇنۇن چۆچۈپ قارايدۇ.

قەمەر: ياخشىمۇسىز، زامانىمىزنىڭ يۇلتۇزى، فىزىكا ئىلمىدە تۆتىنچى قېتىم ئىنقىلاب قىلغۇچى ئالىم. بىرىنچىسى، نيوتون، ئۇ بويتاق ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن نەسىل ئەمەس، تارتىش كۈچى نەزەرىيىسى قالغان. ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلابنىڭ سەركەردىلىرى فارادى، ماكسۋېللاردىنمۇ ئېلېكتر ماگنىت مەيدانى نەزەرىيىسىلا قالغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئۈچىنچى قېتىملىق فىزىكا ئىنقىلابىنىڭ نامايەندىسى ئېينىشتېيىندىن نىسپىيلىك نەزەرىيىسى بىلەن بىللە قىزىقارلىق ھېكايىلەر قالدى. بىلىدىغانسىز، بۇ ئالىمىڭىزمۇ ئايالدىن تەلىيى بولمىغان. ھا - ھا - ھا...

زۇنۇن: (كۈلۈپ كېتىدۇ) كىرىڭ، كىرىڭ!

قەمەر: ياق، ياق كىرمەيمەن. بىر - ئىككى قېتىم سىز بىلەن پاراڭلىشىپ قويغانغا پۈتۈن خەقنىڭ گېپىگە قالدىم. ئەمدى گۇناھىمنى يۇياي دەيمەن: رەخىمە سىزنى گۈللۈكتە ساقلاپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنى زورلاپ باشلاپ كەلدىم.

زۇنۇن: رەخىمە تولىمۇ گۇمانخور.

قەمەر: رادىۋىسنىڭ مەشھۇر گېپىنى ئاڭلىمىغانمۇ: ئىشق ئەھلى گۇمانخور كېلىدۇ!

زۇنۇن: نەدىن تاپىدىغانسىز بۇ گەپلەرنى. پاھ، پاھ!

قەمەر: كىتابتىن. تالانتنىڭ 99% تى تەر، بىر پىرسەنتى ئىلھام. بۇنىمۇ بىلمىسىز زۇنۇن. مەن سىلەرگە بەخت تىلەيمەن، لېكىن رەخىمەگە بەختنىڭ ئازاب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىمەن!

ئۇ غايىب بولىدۇ.

* * *

گۈللۈك، لامپۇچكىلار يورۇقىدا زۇنۇن بىلەن رەخىمە ياندىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

زۇنۇن: نېمىشقا ئۆزىڭىز كەلمەي قەمەرنى ئەۋەتىسىز؟

رەخىمە: مەن ئەۋەتمىدىم، مېنى باشلاپ كېلىشكە قەمەرنى سىز ئەۋەتىپسىزغۇ؟

زۇنۇن: مەنما؟ نېمىشقا ئۇنى ئەۋەتىدىكەنمەن. يا بىز يېڭىدىن تونۇشقانلار بولمىساق.

رەخىمە: بۇنى ئۆزىڭىزدىن سوراڭ.

زۇنۇن: نېمىشقا يوقىلاڭ خىياللارنى قىلىپ يۈرىسىز. قەمەر ئۇنداق دوستىغا خىيانەت قىلىدىغان قىزلاردىن ئەمەس.

رەخىمە: مەن ئۇنداق دېمىدىم. ئۇنداق ئويلىغىنىممۇ يوق. ئەجەب قەمەرنى مەدھىيىلەپ كەتتىڭىزا؟

زۇنۇن: ئەمىسە نېمىشقا بىر - ئىككى قېتىم پاراڭلىشىپ قويغانغا، مەندىن يامانلاپ يۈرىسىز؟

رەخىمە: (زورىغا كۈلۈمسىرەپ) يامانلىمىدىم. ئۆزۈمنى تارتقىنىم راست.

زۇنۇن: نېمىشقا؟.

رەخىمە: قەمەر بىلەن سۆھبەتلەشكەن كۈندىن باشلاپ ماڭا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولدىڭىز. ھەتتا بىر ھەپتە ماڭا كۆرۈنمىدىڭىز. بۇغۇ راستتۇ؟

زۇنۇن قاقاقلاپ كۈلىدۇ. ئۇ كۈلكىدىن ئۆزىنى توختاتقۇچە رەخىمە ئالىيىپ قويۇپ ئالدىراپ مېڭىپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا قەمەر پەيدا بولىدۇ - دە، ئۇ كېلىپ زۇنۇننى قولتۇقلىۋالىدۇ. زۇنۇن ھودۇقۇپ، ئۆڭۈپ - تاتىرىدۇ. رەخىمە ئالىيىپ قاراپ قويۇپلا ئالدىراپ كېتىپ قالىدۇ.

* * *

رەخىمەنىڭ ئۆيى، كېچە.

كارىۋىتىدا ئۇخلىيالماي ئۇياققا - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ياتقان رەخىمە ئېكراندىن ئۆتىدۇ. ئۇ بىردە كىتاب ئوقۇيدۇ، بىردە خاتىرىسىنى ۋاراقلايدۇ، بىردە دېرىزىسىنى ئېچىپ تۈن قوينىدا جىمىرلاۋاتقان چىراغلارغا قارايدۇ. دەرەخ ئاستىدىكى بەندىڭدە ئولتۇرغان يىگىت، ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇۋالغان قىزنىڭ غۇۋا - كۆلەڭ سىماسى ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا ئۆتىدۇ. ئۇ بىئارام بولۇپ دېرىزە قاپقىلىرىنى چىڭ يېپىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئېكران سىرتىدىن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ:

- راست، بەخت بىلەن ئازاب قوشكېزەك ئىكەن. قوشكېزەك بولغاندىمۇ بىر - بىرىگە قويۇپ

قويغاندەك ئوخشايدىغان كېزەكلەردىن ئىكەن.

* * *

كېچە. خۇمدان سېرىق چىراغلار بىلەن كۈندۈزدەك يورۇق. زۇنۇن ئوتقا قارايدۇ، يالقۇن ئۇنىڭ يۈزىنى يورۇتىدۇ. ئۇ ئېلېكترونلۇق كونترول قىلىش بۆلۈمىگە كىرىپ كىچىككىنە قەغەزگە بىر نېمىلەرنى يازىدۇ. بىرسىگە بىر نېمىلەرنى دەيدۇ، ئۇ دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بىر گرافىنى قويىدۇ. زۇنۇن بىردە گرافىغا، بىردە ستىرېلكا - چىراغلارغا قاراپ پۈتۈن زېھنى بىلەن تەكشۈرۈش - سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ پولات ساقىلارنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ بېقىپ، بىرسىگە بىر نېمىلەرنى دەيدۇ، يارما قىلىنغان ھاك تاش - گىپسنى بىرسىگە كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دەيدۇ. يەنە تاسمىلاردا ئېقىۋاتقان خام ماتېرىيالنى كۆرۈپ ئېگىشىپ قاراپ باقىدۇ. ناھايىتى ئالدىراش تۆمۈر پەلەمپەيلەردىن چۈشىدۇ، چىقىدۇ، ئىشلەۋاتقان خادىملار بىلەن تېز - قىسقا سۆزلىشىدۇ. ئاخىرىدا زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ.

زۇنۇن: ھاك تاشنىڭ تەركىبىدە كالتسىي كاربونات يۇقىرى ئەمەس. 325 - نومۇرلۇق سېمونتقا زاكاز كۆپ. ئەۋرىشكە بىر سائەتتە تەييار بولىدۇ. مەن 58 مىنۇتتا تەييار قىلماقچى. بۇ سىناقتىن ئۆتتى. ئۇ چاغدا تەكشۈرۈشمۇ 58 مىنۇتتا بىر بولىدۇ. شۇ چاغدا ئىككى مىنۇت تېجىلىدۇ. بۇ بىرىنچى يېڭىلىق. ساقىلارنىڭ چىداملىقى ئۆلچەملىك ئەمەس. دىئامېتىرى 5cm لىق ساقىلاردا ئۇپراش نىسبىتى يۇقىرى. دىئامېتىرى 3cm لىق ساقىلارنىڭ كاردىن چىقىش نىسبىتى يۇقىرى. سۈپەتسىز ساقىلار كۆپ. شۇڭا، يارمىنىڭ زىچلىق دەرىجىسىگە تەسىرى بولۇۋاتىدۇ. پولات ساقىلارنىڭ سۈپەت مەسىلىسىنى ھەل قىلماسلىق، مەھسۇلاتنىڭ سۈرئەت، سۈپەت مەسىلىسىگە تەسىرى بولۇۋاتىدۇ.

زاۋۇت باشلىقى: سىز دەرھال ھاك تاشنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى، ساقىلارنىڭ چىداملىقلىقى توغرىسىدا ئىنچىكە، قىسقا بىر يازما ماتېرىيال تەييارلاڭ. ئەتىگەنلىككە باش ئىنژېنېر بىلەن بىللە پاراڭلىشايلى، بولامدۇ، ئۇكام زۇنۇن؟

زۇنۇن: بولىدۇ، چاڭجاڭ. يەنە...

زاۋۇت باشلىقى: دەۋېرلىك، ھەر قانداق گەپ بولسا دەۋېرلىك.

زۇنۇن: مەن تېخىنىكا، سېخ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ خىزمىتىگە ۋاقىت چىقىرالمايۋاتىمەن. شۇڭا...

زاۋۇت باشلىقى: شۇجىلىقنى باشقا بىرسى ئىشلىسە، دېمەكچىمۇ؟

زۇنۇن كۈلىدۇ.

زۇنۇن: ھال ئېيتماق تەسكەن، چاڭجاڭ.

زاۋۇت باشلىقى: بىلىمەن، سىز ھازىر سوتكىسىغا تۆت - بەش سائەتلا ئۇخلاۋاتىسىز. سىزنى باشقىلار ھېسسىياتسىز، ماشىنا ئادەم دەپ مازاق قىلىدۇ. ئاڭلىسام، ھەتتا قىز دوستىڭىزمۇ يامانلاپ قاپتۇ. قىزلار دېگەن كۆپرەك بىللە بولۇشنى، ھېسسىياتلىق گەپلەرنى خالايدۇ. سىزنىڭ رومان ئوقۇشقا، شېئىر يادلاشقا نەدە ۋاقتىڭىز بولسۇن. ھا - ھا - ھا... مەن ئىبراھىم چاڭجاڭ بىلەن سىز توغرىلىق پاراڭلاشتىم. ئىبراھىم سىزنى ياخشى بىلىدىكەن. رەخىمە بىلەن سۆزلەشمەكچى.

زۇنۇن: ياق، ياق چاڭجاڭ، بۇ ئىشنى ئۆزۈم ھەل قىلالايمەن.

زاۋۇت باشلىقى: ھېلىقى باقىنىڭ قىزى بىزگە تازا لازىم ئىدى، ئۇ قىز بۇ زاۋۇتنى ياراتمايدىغاندەك تۇرىدۇ. 4 - خۇمدان ئىشقا چۈشسە، بىز يىلىغا 1 مىليون 100 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىپ جەمئىيەتنى تەمىنلەيمىز. نەرىمىز يارىمايدىكىنتاڭ.

زۇنۇن: قەمەر ياخشى قىز، ياراتمايمەن دېگىنىنى ئاڭلىمىدىم. ئۇ كەسپىنى بەك قەدىرلەيدۇ. تەتقىقات ئورنىدا ئىشلىسەم، دەيدۇ. بىزگە كەلسە، مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنالمايدۇ.

زاۋۇت باشلىقى: ئىشلەش تەتقىقات ئەمەسمىكەن؟

زۇنۇن: لېكىن...

زاۋۇت باشلىقى: مەخسۇس تەتقىق قىلمايمىز، دېمەكچىمۇ؟ كەلگۈسىدە بىزدە

تەتقىقاتىمۇ بار بولىدۇ ئەمەسمۇ. مەن چەت ئەل زاۋۇتلىرىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئۆز كەسىپلىرى بويىچە ئالىي مەكتەپلىرى، پەنلەر ئاكادېمىيىسى، كاتتا سىناق ئورۇنلىرى باركەن. بىزمۇ شۇ نىشانغا قاراپ كېتىۋاتىمىز ئەمەسمۇ؟

زۇنۇن: شۇنداق، بۇ دېگەنلىرىڭىز راست.

زاۋۇت باشلىقى: ھازىر پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قوغلىشىۋاتىمىز. نېمىشقا؟ بىز پۇلغا موھتاج. ئازراق باي بولۇۋالساق قىلىدىغان ئىشلار كۆپىيىدۇ. بىز ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت - مائارىپ جەھەتلەردىمۇ باشقىلار بىلەن بەسلەشمەي تۇرالمايمىز. جۇڭگودەك چوڭ دۆلەت، ھەم باي، ھەم مەدەنىيەتلىك چوڭ دۆلەت بولمىسا بولماس!

زۇنۇن: ئىنتايىن توغرا ئېيتتىڭىز، چاڭجاڭ.

* * *

كوچا. بازار. كۈندۈز.

باقىنىڭ كەينىگە بىر مۇنچە ئادەم كىرىۋالغان. ئۇلارنىڭ بىرلىرىنىڭ قولىدا قەغەز، بىرلىرىنىڭ قولىدا تارازا، يەنە بىرلىرىنىڭ قولتۇقلىرىدا توخۇ. ئۇلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ باقىنىڭ يولىنى توسايدۇ.

باقى: بىر - بىردىن گەپ قىلىڭلار، ئىتتەرمەڭلار، توقۇماڭلار، دەيمەن!

ئاۋازلار:

A: ماڭا نېمىشقا 6 - قەۋەتتىن ئۆي بېرىسەن، قېرىمامدىمەن؟

B: مېنىڭ بالامنى نېمىشقا زاۋۇتقا ئالمايسىلەر، ئىمتىھان بەرمىدى دەمسىز؟ بەرمىگەن بولسا ئەمدى بەرسۇن، بولمىسا مەن ئۆزۈم بېرەي!

C: تارازا ھۆكۈمەتنىڭ، ماگىزىندىن ئالغانمەن!

D: قۇتقۇزۇش پۇلى ھۆكۈمەتنىڭ، سىنىڭمىدىيا!

باقى: بىر - بىردىن، ئۆچىرەت تۇرۇڭلار، مانا مەن بىر - بىردىن جاۋاب بېرەي!

ئۇ بىر كاۋاپچىنىڭ بەندىڭىنى تارتىپ ئولتۇرۇۋالدۇ. كۆپچىلىك قىستىشىپ كاۋاپدانىنى ئۆرۈۋېتىدۇ.

كاۋاپچى: باقىكا، بۇ زىيان كىمگە؟

كۆپچىلىك بىر - بىرىنى قىستاپ باقىنى دەم ئالالماس قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار ئىتتىرىشىپ باقىنى ئوڭدىسىغا ئۆرۈۋېتىدۇ. باقى قاقاقلاپ كۈلىدۇ. كەينىگە باھارنى مىنگەشتۈرۈۋالغان قەيسەر موتسىكلىت بىلەن ئۇچقاندەك ئۆتىدۇ. ئۇ دادىسىنى كۆرۈپ دەرھال توختايدۇ. لېكىن دادىسىنىڭ كۈلكىسىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ يۈرۈپ كېتىدۇ.

* * *

قويۇق دەرەخلىك، بۇلبۇل سايراپ تۇرغان باغ، چىرايلىق گۈللەر، ھەرىلەر... ئارقىدىن گۈللەر ئارىسىدا ئېغىناپ ياتقان قىز - يىگىت كۆرۈنىدۇ. يىگىت قىزنىڭ قۇچىقىغا باش قويغان. قىز يىگىتنىڭ چاچلىرىغا گۈللەرنى سانجىپ قاقاقلاپ كۈلمەكتە. يىگىت راھەتلىنىپ جىمجىت ياتماقتا. ئۇلار قەيسەر بىلەن باھار.

تۇيۇقسىز شاخلار قىمىرلاپ يۈزىگە نىقاب تاقىغان ئۈچ يىگىت پەيدا بولىدۇ:

يىگىت A: فاكۇەن! ①

قەيسەر: (ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ) نېمە؟

يىگىت B: تاختىدىكى ئېلاننى كۆردۈڭمۇ؟

قەيسەر: ياق!

يىگىت C: 50 كويچەن فاكۇەن!

باھار: نېمە قىلىپتۇق!

يىگىت A: ياتتىڭ، سۆيۈشتۈڭ!

يىگىت B: بول، تېز چىقار پۇلنى!

قەيسەر: (پىچاق چىقىرىدۇ) يېقىن كېلىشمە!

يىگىت C: زىيان تارتىپ قالىسەن، تېزرەك پۇلنى چىقار دەيمەن!

قەيسەر: يامان بولساڭ كېلىپ بۇلىمامسەن!

ئۈچ يىگىت ئۇلارنى قورشايدۇ. باھار چىرقىراپ ۋارقىرايدۇ.

* * *

باھارنىڭ چىرقىرىشىغا ئۇلىشىپلا ئېكران ئالمىشىدۇ - دە، قانغا مىلىنىپ ياتقان قەيسەرنىڭ

① فاكۇەن - جەرىمانە.

www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاۋاتقان ئانىسىنىڭ نالىسى، گەۋدىسى، دوختۇرلار، كەينىدىن بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان باقى، ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئولتۇرغان قادىرلار ئېكراندىن ئۆتىدۇ. باھار قەمەرنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ ئۆپكىدەپ يىغلىماقتا.

* * *

زۇنۇن: ئىبراھىم چاڭجاڭ، بۇ بىر تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس، قەمەردىن ئىنتىقام ئېلىۋاتقان بىرسىنىڭ ئىشىمىكىن، دەيمەن!

ئىبراھىم بېشىنى لىڭشىتىدۇ:

- ئېنىقلىنىدۇ، لۈكچەكلەرنىڭ بىرسى تۇتۇلدى. قالغانلىرىمۇ تۇتۇلىدۇ،

* * *

باقىنىڭ ئۆيى، كەچ.

باقىنىڭ ئايالى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىمەكتە:

- ھەممىسى سىزنىڭ كاساپىتىڭىز. زۇنۇن بىلەن رەخىمەنىڭ تويىمۇ، قەيسەر بىلەن باھارنىڭ ئىشىمۇ سىزنىڭ كاساپىتىڭىزدىن پالاكەتكە يولۇقتى. ھەممىگىلا چېپىلىسىز، ھەممىنى خۇش قىلىمەن دەپ خاپا قىلىسىز. قادىرنىڭ تارازىسىنى تەكشۈرۈپ نېمە قىلاتتىڭىز، ئۆمەرنىڭ ئىشلىرى بىلەن نېمە كارىڭىز؟ . . .

باقى: قەيسەرگە لۈكچەكلەر پىچاق سالسا، قادىرنى نېمىدەپ چىشلەپ تارتىسەن، خوتۇن؟

ئايالى: ئۆمەرنىڭ قولىدىن ھەر قانداق يامانلىق كېلىدۇ. رەخىمە بىلەن زۇنۇننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇقچىلىقنىمۇ قەمەردىن كۆرگۈدەك. زۇنۇننى سىز كۆيئوغۇل قىلىش ئۈچۈن قىزىڭىزنى ئىشقا ساپتىدەكسىز، ئۆزىڭىز زۇنۇنغا گەپ ئۆگىتىپتىدەكسىز. بىلدىڭىزمۇ؟

باقى: توقى لەنىتىنىڭ ھەممىسىنى مەندىن كۆرىدىكەن. مەن كىمدىن كۆرىمەن ئەمىسە. ئوغلۇم پىچاق يېدى، قىزىم ئىشسىز، مەن كىمگە يالا چاپلايمەن!

سىرتتا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقىدۇ، ئارقىدىن شارقىراپ يامغۇر قۇيۇۋېتىدۇ.

* * *

شار - شار يامغۇردا چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن قەمەر ئاپتوبۇس بېكىتىدە ھېلىدىن - ھېلىغا سائىتىگە قاراپ، جىددىيلىشىپ ئاپتوبۇس كۈتمەكتە. ئۈزۈلمەي ئۆتۈۋاتقان پىكاپلاردىن ھەر خىل ماش، ھەر خىل چىرايلار كۆرۈنىدۇ. ئۇلار چىرايلىق، جاپاكەش قىز قەمەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. بىر پىكاپ توختايدۇ - دە، ئۇنىڭدىن رىشات دېرىكتور بېشىنى چىقىرىدۇ:

رىشات: قەمەر، ماشىنىغا چىقىڭ.

قەمەر: رەھمەت، رەھمەت! - كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىدۇ.

رىشات: ھۆل بولۇپ كېتىپسىز، تېز چىقىڭ!

قەمەر: رەھمەت، بىرسىنى كۈتۈۋاتىمەن.

رىشات: ئەگەر ئەركىنىنى ساقلاپ تۇرغان بولسىڭىز، مەن ئۇنى سىزگە تېپىپ بېرىمەن، ماشىنىغا چىقىڭ.

قەمەر: ياق، مەن ئەركىنىنى ساقلاۋاتقىنىم يوق.

رىشات: ئەمىسە كىم؟ ئېيتىشقا بولمامدۇ؟

قەمەر: ھازىرچە بولمايدۇ.

رىشات ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قەمەرگە مەنىلىك قاراپ قويىدۇ.

رىشات: قانداق بەختلىك يىگىت ئىكىن ئۇ، سىزنى بۇنچە قىينىيالىغان؟

قەمەر: (يۈزىدىكى يامغۇر سۈيىنى سۈرتۈۋېتىپ، جىددىي ھالدا جاۋاب بېرىدۇ) بەخت - يىگىت، بەخت - قىز دەيدىغانلار بەختنى چۈشەنمىگۈچىلەر. خەير - خوش، ۋاقتىڭىزنى زايا قىلماڭ رىشات جېگىلى!

قىز تەتۈر قارىۋالىدۇ. رىشاتنىڭ تۇرۇلگەن چىرايى ئېكراندا ئالاھىدە كۆرۈنىدۇ. ئۇ دۇدۇقلايدۇ، گەپ قىلالمايدۇ. ئاچچىقىدا شوپۇرنى تىللايدۇ:

- ھەيدىمەمسەن كالۋا، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟

* * *

شۇ شار - شار يامغۇردا باقى ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئايالىنى يۆلەپ دوختۇرخانىغا ماڭىدۇ. ئانىنىڭ: «قەيسەر، قەيسەر!» دېگەن ئېچىرقىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

* * *

يەنە شۇ يامغۇردا قوشنا بالكون ئاستىدا ساقچى ماشىنىسى توختايدۇ - دە، ئىككى ساقچى ئۆمەرنى ئۆيدىن ئېچىقىپ ماشىنىغا سالىدۇ.

بالكوندا قادىر ئايالى بىلەن پەيدا بولىدۇ. قادىرنىڭ ئايالى: «ئۆمەر بالام!» دەپ نالە قىلىدۇ.

ئىككى بالكوندا ئىككىدىن تۆت بالا (نەۋرە) پەيدا بولىدۇ ـ دە، قوللىرىنى يامغۇرغا سوزۇپ قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ بىر ـ بىرىگە شەرەت قىلىشىدۇ. ئېكران ئالمىشىپ ئېكراندا بىر ـ بىرىگە شەرەت قىلىشىۋاتقان قەيسەر بىلەن باھار پەيدا بولىدۇ ـ دە، يوقىلىدۇ. چاچلىرى ھۆل، روھى چۈشكۈن باھار يالغۇز پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا رەخىمە چىقىدۇ. سىڭلىسىنىڭ چاچلىرىنى تۈزەپ:

ـ كۆڭلۈڭنى بۇزما، ھەممىسى شار ـ شار يامغۇردەكلا ئۆتۈپ كېتىدۇ! ـ دەيدۇ.

قارشى بالكوندا قەمەر پەيدا بولىدۇ. تۆۋەندە بىرسى قول پۇلاڭلىتىدۇ. قەمەرمۇ، رەخىمەمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزلىرىنى، كېيىن قارشى بالكوننى شەرەت قىلىدۇ.

قادىرنىڭ ئايالى ئۇلارنى كۆرۈپ قالىدۇ ـ دە، ۋارقىرايدۇ:

ـ يوقىلىش جوۋاينىمەكلەر، ھەممە بالايۇ ـ قازا مۇشۇ شەرەتتىن كەلدى!

ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپ يامغۇر تېخىمۇ قاتتىق ياغىدۇ.

ئېكران سىرتىدىن ئاۋاز بېرىلىدۇ:

ـ مانا بۇ تۇرمۇش. ئازاب، خۇشاللىق، غەم ـ غۇسسە، ۋەھىمە ـ ئەندىشىلەر خۇددى قۇم بىلەن تاش ئارىلاشقاندەك بىرىكىپ كەتكەن. ھەقىقەت غەلۋىرىمۇ بۇلارنى ئايرىتالمايدۇ... ـ ئاۋازغا ئۇلىشىپ يامغۇردا كېتىپ بارغان زۇنۇننىڭ دۈمبىسى، ھۆل چاچلىرى كۆرۈنىدۇ ـ دە، ئاخىرىدا ئۇنىڭ چىرايى ئېكراندا پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، چىرايى تۇتۇق، لەۋلىرى نېمىگىدۇر مىدىرلايدۇ، ئاۋازى چىقمايدۇ. ئېكران سىرتىدىن رەخىمەنىڭ:

ـ مەندىن رەنجىمەڭ. ھامان بولىدىغان ئىش، كېيىن بولغىنىدىن بالدۇر بولغىنى ياخشى! ـ دېگەن ئاۋازى بېرىلىدۇ. ئاۋازغا ئۇلىشىپ كۈنلۈك، ھۆل توپىلەي، ئاندىن كۈنلۈك تۇتقان قولىنىڭ تىترىشى، ئەڭ ئاخىرىدا رەخىمەنىڭ سولغۇن چىرايى كۆرۈنىدۇ.

ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدۇ ـ دە، زۇنۇننىڭ ئارقىسىدىن تىكىلىپ قارايدۇ. ئېكران سىرتىدىن ئۇنىڭ ئاۋازى بېرىلىدۇ:

ـ ياق، ئۇنىڭ تەلەپ قىلغانلىرى مەندە يوق.

مۇھەببەت شەرت قوبۇل قىلالمايدۇ دېگەن گەپ كىمنىڭ گېپى؟ ئۇنىڭغا ئىش، شان ـ شەرەپ، سەۋر ـ تاقەت، غەيرەت ـ شىجائەت كېرەك. ماڭىچۇ؟ خاتىرجەم ئۆي، كۆيۈمچان ھەمراھ ۋە باياشات تۇرمۇش كېرەك. چۈنكى مەن ئايال...

* * *

كېچە. زۇنۇن كونترول بۆلۈمىدە. ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئېلېكترونلۇق كونترول ئاپپاراتىدىكى بەلگىلەرگە قارىماقتا. ئۇ ۋارقىرايدۇ:

ـ خىمىيىلىك ئانالىز جەدۋىلى تەييارمۇ؟

سىرتتىن بىر قىز بىر جەدۋەلنى ئەكىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. زۇنۇن جەدۋەلگە سىنچىلاپ قارايدۇ ۋە:

ـ ساقىلارنىڭ ئىش ئۇنۇمى! ـ دەپ ۋارقىرايدۇ.

بىر يىگىت ئۇنىڭغا يەنە بىر قەغەزنى كۆرسىتىدۇ، ئارقىدىن يارما قىلىنغان رۇدا، سىلانتىس ئەۋرىشكىلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ...

* * *

كۈندۈز، زاۋۇت باشلىقى ئىشخانىسى.

زاۋۇت باشلىقى تېلېفون بەرمەكتە:

ـ ھە، زۇنۇن، قېنى سۆزلەڭ.

تېلېفوندىن زۇنۇننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ:

ـ سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئىككى مىنۇت تېجەلدى. بىر سېمىنىدا 16 مىنۇت تېجەلدى دېگەن سۆز. ئىقتىسادىي كىرىم ۋە تەننەرخنىڭ تۆۋەنلىشىدە بۇ سىناقنىڭ قانچىلىك پايدىسى بارلىقىنى دوكلاتىمدا ھېسابلاپ كۆرسەتتىم. دوكلاتىمنى كۆرگەنسىز؟

ئېكراندا زۇنۇننىڭ خۇشال، روھلۇق چىرايى كۆرۈنىدۇ.

زاۋۇت باشلىقى: سىزگە خۇش خەۋەر، يولداش زۇنۇن. مەملىكەتلىك سېمونت ساھەسى بويىچە ئېچىلىدىغان ئەڭ يېڭى ئىلمىي نەتىجىلەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش يىغىنىغا سىزنى ئەۋەتىدىغان بولدۇق.

زۇنۇن: (چىرايىدا خۇشاللىق، خىجىللىق ئەكس ئەتكەن ھالدا) چاڭجاڭ، بۇ، بۇ...

زاۋۇت باشلىقى: بۇ مەسلىھەت ئەمەس، قارار. سىز ھازىرلا ئىشنى باشقىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ تەييارلىق قىلىڭ.

زۇنۇن: ماقۇل.

* * *

سېمونت زاۋۇتىنىڭ ۋىئوسكىسى، زاۋۇتنىڭ مۇنار، تۇرخۇنلىرى، قىزىل بىخەتەرلىك قالپىقى ۋە ئىش كىيىمى كىيگەن ئىشچىلار، دەرۋازىدا تىك تۇرغان زاۋۇت ساقچىسى، تاسما بىلەن كۆتۈرۈلىۋاتقان تاش، رۇدىلار. . ئېكراندىن ئۆتىدۇ.

بۇ كۆرۈنۈشلەرگە ئۇلىشىپلا دەرۋازىدىن «ئاۋدى» ماركىلىق پىكاپقا ئولتۇرغان زۇنۇن چىقىدۇ. ئۇنى ئۇزاتقۇچىلار قاتارىدا باقى ئالاھىدە كۆرۈنىدۇ. باقى مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ئىبراھىمغا سۆزلەيدۇ:

— مانا زامان، مانا ئىسپات، — دەيدۇ ئۇ جانلىنىپ، — بىزلەر بۇ زاۋۇتنىڭ تۇنجى مىللىي ئىشچىلىرىدىن، ھە، قادىرمۇ شۇ. ئۇ چاغلاردا بىز لاۋخۇاڭگۇدا تاش چاقاتتۇق. مائاش ئالمايتتۇق. تۇرمۇش پۇلى بېرەتتى. كىيىم - كېچەك، تاماقتىلا ئىشلەيتتۇق. لېكىن قالتىس ئىشلەيتتۇق. مانا ھازىر قاراڭ، مېنىڭ شاگىرتىم — ئالقىنىمدا ئۆستۈرگەن زۇنۇن «ئاۋدى» غا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا ماڭدى. ئاڭلىسام، چەت ئەلگە چىقىپ تېخنىكا ئۆگىنىپ كېلەرمىش. زاۋۇتنىڭ بىر يىللىق مەھسۇلاتى ھازىرقىدىن ئۈچ - تۆت ھەسسە ئاشارمىش. بىزنىڭ تاپىدىغان پۇلىمىزمۇ نەچچە ھەسسە ئاشارمىش. . . لېكىنزە، 60 ياشقا كىرىپ قالدۇق - دە، قالتىس چاغلار كېلىۋاتقاندىزە، ھەي. . .

كۆپچىلىك قاقاقلىشىپ كۈلۈشىدۇ، «ئاۋدى» نىڭ قارىسى يوقىلىدۇ.

* * *

پويىز ئىستانسىسى. گۇگۇم.

پويىزنىڭ قاتتىق گۈدۈكى، ئالدىرىنىشىپ پويىزغا چىقىۋاتقان، بىر - بىرسىنى ئىتتىرىشىۋاتقان، يىغلىشىۋاتقان ئادەملەر توپى، ئۇلارنى باشقۇرۇۋاتقان پويىز خادىملىرىنىڭ جىددىيلىكى ئېكراندا ئالاھىدە كۆرسىتىلىدۇ.

شۇ جىددىي پەيتتە قەمەر بىلەن زۇنۇن ستولبىنىڭ دالدىسىدا پاراڭلاشماقتا. ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر چامادان تۇرىدۇ، ئىككىسى قىزغىن پاراڭ بىلەن.

قەمەر: بىز نېمىشقا ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجايىنلىق قىلالمايمىز؟ نېمىشقا غەيرىي ئاڭنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالىمىز؟ بەلكىمە، ئادەت، ئەخلاق قائىدىلىرى بىزنىڭ خاھىشلىرىمىزنى كىشەنلەپ ئالغان. بىز ئارزۇلىرىمىزنى شۇلارغا زورمۇزور باغلاپ تۇتۇپ بېرىمىز. ئارزۇ - خاھىشلىرىمىزنى ئۆزىمىز قاتىللارغا تۇتۇپ بېرىمىز. يالغانمۇ - يا زۇنۇن؟

زۇنۇن: ئەلۋەتتە ئىنسان ئۆز خاھىشى بويىچە ياشىشى كېرەك. بۇ خىل ياشاش بىزدە تېخى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. سىز دېگەندەك كۆپىنچە جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ، ھەتتا ئائىلە، ئاتا - ئانىنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش قىلىمىز. مېنىڭ لىرىك شېئىرلارنى يازغۇم، ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇم بار، بۇ مېنىڭ خاھىشىم، لېكىن. . .

قەمەر: ئىش توغرىسىدىلا سۆزلىمەڭ، ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي بايلىقى، يەنى مۇھەببەت توغرىسىدا سۆزلەپ بېقىڭا، نېمىشقا ئەركىن بولالمىدىڭىز؟ سىزمۇ شەرتلىك تۇرمۇشنىڭ قولىمۇ - يا؟

زۇنۇن: ياق، ياق. بۇ ئىشتا مەن ئۆز ئارزۇيۇمنىڭ قولى.

قەمەر: يالغان ئېيتىۋاتىسىز! ئەمىسە نېمىشقا خىلمۇ خىل باھانىلەرنى كۆرسىتىپ رەخىمە بىلەن ئايلاپ - ئايلاپ كۆرۈشمەي يۈردىڭىز؟ نېمىشقا ئىشقا قاتتىق بېرىلىش يولى بىلەن مۇھەببەتتىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرماقچى بولدىڭىز؟

زۇنۇن قىزىرىدۇ، دۇدۇقلايدۇ. ئاخىرىدا راست گەپنى ئېيتىدۇ:

— ئادەمنىڭ روھىدىكى قۇلۇپىنى ئاچقۇچ سالماي ئاچالىغان ئادەمنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن. قەمەر ئېيتىڭا، مېنى بۇنچە ئىنچىكە كۆزىتىشكە سىزنى مەجبۇرلىغان كۈچ زادى نېمە؟ ئۇ، كۈچ دېيىلسە، بۇ نېمىنىڭ كۈچى؟

قەمەر: (قىزىرىدۇ) ساراڭ، سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بېرىپ يۈرگىنىنى بۇنىڭ، ئەمدى سىزنى سەن دەيمەن. دوستلۇق، ساۋاقداشلىقنىڭ كۈچى. . .

زۇنۇن: (قىزنىڭ قولىنى تۇتىدۇ) يالغان ئېيتىۋاتىسەن قەمەر. مەن ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك بىر ھېسسىياتنىڭ كۈچىنى سېزىۋاتىمەن.

قەمەر: ھاتالاشتىڭ، مەن راستىنى ئېيتاي: ئاۋۋال رەخىمە بىلەن مەقسەتسىزلا رىقابەتلەشتىم. ئوقۇغۇچى ۋاقتىمىزدا كۆڭۈللىرىمىزدە ئۈن - تىنسىز سېنى تالاشقان، بىر - بىرىمىزدىن قىزغىنىشقان، ئېغىزىمىزدا سەن توغرىلىق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماستىن، دوستلارچە بىللە يۈرۈپ، كۈلۈشۈپ، ئوينىشىپ يۈرۈپ سېنى تالىشىپ رىقابەتلەشكەن. ئارىدىن بەش - ئالتە يىل ئۆتتى، مېنىڭ يېڭىلگۈم كەلمىدى. لېكىن سېنى

تارتىنىشىش خىيالىمۇ يوق، مەقسەتسىزلا رىقابەتلەشتىم. بۇ قېتىمقىسى ئۈن - تىنسىز، لېكىن ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلەندى.

زۇنۇن: ئاخىر سەن يەڭدىڭ، قەمەر.

قەمەر: ياق، مەن سۈنئىي مۇناسىۋەتنىڭ سىرىنى ئاچتىم. سىلەردە مۇھەببەت تېخى شەكىللەنمىگەن. ساۋاقداشلىق، دوستلۇق، ھېسسىيات ھېسابىغىلا توي قىلماقچى بولغانسىلەر. بۇنىڭ ئازابىغا بىرىنچى بولۇپ سەن چىدىمىدىڭ.

زۇنۇن ھاياجان بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدۇ.

زۇنۇن: قەمەر، سېنى قۇچاقلىغۇم كېلىۋاتىدۇ. رۇخسەت قىلساڭ تۇنجى قېتىم غەيرىي جىنسلىق بىلەن قۇچاقلاشقان بولاتتىم.

ئۇ غۇلىچىنى كېرىدۇ. قەمەر ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەينىگە چېكىنىدۇ. نەق شۇ چاغدا بىرسى چامادىنىنى ئېلىپ قاچىدۇ. قەمەر ۋارقىرايدۇ، زۇنۇن قوغلايدۇ. بىر ساقچى قاچقۇننىڭ پۇتىغا تېپىپ يىقىتىدۇ. ئادەملەر ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ.

قاچقۇن ئېكراندا كۆرۈنىدۇ. بۇ، ئۆمەر.

ساقچىلار ئۇنى تۇتۇپ قولىغا كويزا سېلىشقا زۇنۇن يېتىپ كېلىدۇ.

زۇنۇن: ئۆمەر! - ئۇ دەرھال تاتىرىدۇ، چىشلىرىنى كىرىشتۈرىدۇ. بىردىنلا ساقچىغا قاراپ يالغان كۈلىدۇ ۋە، - ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، ئاغىنەم بۇ، ماڭا چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، - دەيدۇ. ساقچى ئۆمەرنى قويۇۋەتمەكچى بولىدۇ.

ئۆمەر: ياق، ياق. كويزىنى ئالما...

زۇنۇن: (ساقچىغا) يالغان، چاقچاق، چاقچاق. بولدى، قويۇۋېتىڭ، - ساقچى ئۆمەرنى قويۇۋېتىدۇ. ئۇ ئۆمەرنى تارتىپ چەتكە ئەپچىقىدۇ ۋە يانچۇقىدىن بىر كاللەك پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلەيدۇ، - سەن رەزىللىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىڭمۇ ئۆمەر، تېز يوقال، رەھىمە بۇ ئىشنى كۆرسە ئازابلىنىدۇ. تېخى بۇرناكۈنلا بىز ئىدارىدىن كېپىل بولۇپ سېنى تۈرمىدىن ئەپچىقلانىدۇق، چىقىپلا يەنە ئەسكىلىك قىپسەن. تېز يوقال دەيمەن. بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندە سەن بىلەن سۆزلىشىمەن!

ئۆمەر: ئاق چېكىمەن ئەمەسمۇ... - ئۇ يەرگە قارايدۇ ۋە پۇلنى ئېلىپ دەرھال كېتىدۇ.

* * *

كوچا ئاشخانىسى. كۈندۈز. قادىر، باقى ۋە بىر قانچە ياشانغانلار ھاراق ئىچمەكتە. قادىر پىيالىغا ھاراق قۇيۇپ باقىغا تەڭلەپ سۆزلەيدۇ:

- نېمە، ئاز قۇيدى دەمسىنا؟ نېمە ناز بۇ؟ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسىنىڭ نازىمۇ ياكى بولمىسا ئۆي تەقسىم قىلىش كومىتېتى مۇدىرىنىڭ نازىمۇ؟

باقى: كاپىشىما مەتۇ، باقى قوتۇرنىڭ نازى بۇ، ناز دېگەن مەنسەپتىلا بولمايدۇ، قېرىدىمۇ، ياشتىمۇ، چوكاندىمۇ، مومايدىمۇ، دېدەكتىمۇ، خانىشتىمۇ بولىدۇ...

كۆپچىلىك: ھا - ھا - ھا، ھى - ھى - ھى.

باقى: ئەكىلە مەتۇ، گەپ قىلمىسام بىر ھەپتە بولدى بۇتناپ - قىيداپ يۈرىسىنا؟ بىز دېگەن قانچە يىللىق ئاغىنە، بىلەمسەن؟ قىرىق بەش يىللىق!

قادىر: قىرىق بەش يىلدىن بېرى مۇشۇنداق پىيالىدە، غىدىردا، تاۋۇز شاپىقىدا ھاراق ئىچىپ كەلدۇق. ئەمدى ساقال ئەرلوباغا يېتىپ پۇت گۆرگە ساڭگىلىغاندا قىيدامدىم. قىيدىسا قىزىم بىلەن ئوغلۇم، ناھايىتى كەتسە ئانىسى قىيداپتۇ. مەن ئۇلارغا دوست تارتىشىپ بەردىم شۇ. ئىچە، باقى قوتۇر، ئىشچى دېگەن پىيالىغا تولدۇرۇپ ئىچىدۇ!

باقى ھاراقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

* * *

كەچقۇرۇن. قادىرنىڭ ئايالى بالكونغا چىقىپ تۆۋەنگە قاراپ بىرسىگە دارتىملاپ سۆزلەيدۇ:

- قاغا قونمىغان قاقشال ياغاچقا لاچىن كېلىپ قونىدۇ دېسىلە، ۋايىيەي. كىمنىڭ بېشىدىن تاج چۈشمەپتىكەن، كىمنىڭ بېشىغا چاچ چىقماپتىكەن؟ ھەممىنى كۆرگەن باشلارغۇ! غادىيىپ ئۆتكەنلەر بوسۇغامغا ئۆمىلەپ كېلىدۇ تېخى. بىر توي بۇزۇلسا ئىككىنى قىلىمەن تازا، ناغرا - سۇناي چېلىپ. ئويناپ - ئويناپ ماشىنىلار ئۆيىمىزنى پىرقىرايدۇ تېخى! جاھاندا ئادەم يالغۇز ئاشۇ يېتىمەك زۇنۇنلىمىدى؟

بالكوندا باقىنىڭ ئايالى پەيدا بولىدۇ. ئۇ، گەپنى ئاڭلاپ بولۇپ ئالدىرىماي، ھودۇقماي سۆزلەيدۇ:

- نېمە يېتىمەك، يېتىمەك دەۋېرىلا، ئاتا - ئانىسى بولمىغان بىلەنچۇ تەشكىلى بار، مەنسىپى، بىزدىنمۇ يۇقىرى ئايلىقى، ئابرويى، بىلىمى، ئەخلاقى، بەختى - پېشانىسى بار، قانداق؟

قادىرنىڭ ئايالى: ئالتۇن تاجىسى، مەرمەردىن داچىسى، كۈمۈشتىن پىيالە - قاچىسى، جەننەتتە ھۆر - پەرى ئاچىسى بار. ئەمدى بولدىمۇ، سىلىگە بەردۇق شۇ ھەممە نېمىسى بار پەرىشتىنى.

www.uyghurkitap.com

ئەمدى بولدىمۇ، بويۇنلىرىغا مارجان، قىزلىرىغا تۇمار قىلىپ ئېسىۋالسىلا!

باقىنىڭ ئايالى: ۋاي ئاسمامدىغان، چىدىسىلا. ۋايىەي،. بىر يىگىتنى ئۆزىگە رام قىلىپ باغلىۋالالمىغان قىزلىرىدىن كۆرسىلە، مېنىڭ قىزىمنى نېمىگە چىشلەپ تارتاتتىلا؟ يەنە نېمە چىقماي قالغان ئۆچۈكلار قالغان بىزدىن. بالامنىڭ پۇتىنى چاققان سىلىنىڭ باللىرى.

قادىرنىڭ ئايالى: مېنىڭ بالاما تېخى. ئىلاھىم، يالغان ئېيتقان تىللىرىغا. . .

باقىنىڭ ئايالى: باللىرى بولمىغان بىلەن باللىرىنىڭ ئاغىنىلىرى!

ئىككى بالكوندا قەيسەر بىلەن باھار پەيدا بولىدۇ. ئۇلار ئانىلىرىنى سۆرەپ ئەكىرىپ كېتىدۇ. قەيسەرنىڭ قولتۇقىدا قولتۇق تاياق. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ باھارغا شەرەت قىلىدۇ. باھار تۆۋەننى شەرەت قىلىدۇ.

* * *

باقىنىڭ بالكونىدا باقى بىلەن قادىر مەست ھالدا پەيدا بولىدۇ.

باقى: (قادىرنى قۇچاقلاپ) ئۆلۈپ ئايرىلىمىز، تىرىك ئايرىلمايمىز. سەن كۆچسەڭ، مەنمۇ كۆچىمەن! ساڭا يەنە قوشنا ئولتۇرىمەن. ئۆي بەلگىلەش ھوقۇقى مەندە جۇما!

قادىر: ئاڭلىسام، ئىككى ئېغىزلىق ئۆينى بالامغا دەپ قالدۇرۇپسىنا؟ كىمگە؟

باقى: كىمگە بولاتتى، قەيسەرگە مەتۇ!

قادىر: بالاڭغىما؟

باقى: سېنىڭ بالاڭغا، مەتۇ!

قادىر: نېمە دەيدۇ ماۋۇ قوتۇر.

باقى: نېمە دەيتتىم، گەنە قارا!

ئۇلار يەرگە قارايدۇ. موتسىكلىتتا بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ قەيسەر بىلەن باھار بىنا ئاستىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كېتىدۇ. باقى بىلەن قادىر قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ پەيالىلىرىنى ئۇرۇشتۇرىدۇ.

* * *

قادىرنىڭ ئۆيى، كەچ.

قادىر: تويغا تەييارلىق قىلىسەن، مېنىڭ دېگىنىم دېگەن، غىڭ ـ پىڭ قىلىشقا رۇخسەت يوق. چوقۇم قىلىسەن.

ئايالى: قىلمايمەن، قىلغۇزمايمەن!

قادىر: نېمە؟ ھېلى بىكار!

قادىر ئورنىدىن چاچراپ تۇرىدۇ. ئىچكىرىكى ئۆيدىن رەخىمە چىقىپ دادىسىنى تۇتۇۋالىدۇ.

رەخىمە: دادا، خاپا بولماڭ، تەييارلىق قىلايلى. بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ.

نەۋرە: (رەخىمەنىڭ ئېتىكىنى سىلاپ) ئاچا، چوڭ ئاپام كىم بىلەن توي قىلىدۇ؟

رەخىمە: دادام بىلەن.

نەۋرە: (چوڭ ئاپىسىنى مازاق قىلىپ) ئاللەي، ئاللەي. . . قېرى تۇرۇپ ئاللەي. . .

قادىرنىڭ ئايالى كۈلۈپ كېتىدۇ. قادىرمۇ كۈلۈپ بالكونغا چىقىدۇ.

قادىر: باقى، بولە، چوكاننى ئېلىپ بىزنىڭكىگە چىق!

* * *

شۇ چاغ. باقىنىڭ ئۆيى.

باقىنىڭ ئايالى: ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن دېمىگەن گېپى قالمىدى سەتلىشىپ.

باقى: ماڭ. ماڭ! بولدى، ئۇ دېمىدى، سەن ئاڭلىمىدىڭ. . . بىرىنچى قېتىم دېيىشكەنىمدىكلار ئۇنداق گەپلەرنى.

باقىنىڭ ئايالى: ياق، ئاچچىقىم بېسىلسۇن ھېچ بولمىسا. . .

باقى: (كۈلۈپ تۇرۇپ). ماڭ دەيمەن، چىققاندا بېسىلىدۇ. ماڭ خوتۇن، ھېلى بىكار. . . ھى ـ ھى ـ ھى. . .

باقىنىڭ ئايالى: ئادەمگە ئارام يوق، ئەجەبمۇ غەلىۋىسى تۈگىمىدىغۇ بۇ ئادەمنىڭ.

نەۋرە: پوپوتاڭ ① ئېلىپ بەرسەڭ بولمامدۇ.

ھەممىسى: ھا ـ ھا ـ ھا. . . ھى ـ ھى ـ ھى. . .

* * *

كۈندۈز. توي. ناغرا چېلىنماقتا، ياشلار ماشىنىدا ئۆرە تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا.

قادىرنىڭ ئايالى: (بالكوندا تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ) قارىسىلا، بۇ باللارنىڭ شوخلۇقىنى!

باقىنىڭ ئايالى: يارىشىدۇ، يارىشىدۇ، ھا ـ ھا ـ ھا. . . ـ ئاجايىپ چىرايلىق بىر قوش ئاۋۋال باقىنىڭ، كېيىن قادىرنىڭ بالكونىغا كېلىپ قونىدۇ. ناغرا ـ سۇناي، كۆلكە ساداسى ئەۋجىگە چىقىدۇ. رەخىمە يالغۇز بالكوندا ئېگىزلىككە تايىنىپ خىيال بىلەن تۇرىدۇ. قەمەر كىرىپ ئۇنى ئاستا قۇچاقلاپ قۇلىقىغا پىچىرلايدۇ.

رەخىمە: راستىما؟

قەمەر: راست بولمايچۇ! ھا ـ ھا ـ ھا. . .

رەخىمە: ھى ـ ھى ـ ھى. . .

---

① پوپوتاڭ ـ سېغىز كەمپۈت.





(دراما)

## ئەختەم ئۆمەر

## قاتناشقۇچىلار

قادىر مەخسۇم ـ 34 ياش، ئىدارە ئىشخانىسى-نىڭ مۇدىرى

قەدىرىيە ـ 27 ياش، قادىر مەخسۇمنىڭ ئايالى

كېرەم تۇر ـ 47 ياش، ئىدارە باشلىقى

لى فاشىڭ ـ 56 ياش، ئىدارە شۇجىسى

نۇرمۇھەممەت ـ 29 ياش، ئىدارە خىزمەتچىسى

قوشۇمچە روللاردا: قۇرۇلۇش ھۆددىگەرى، ياش كادىر، موماي، گۈزەلنۇر، سوتچى، ئادۋوكات، زاسىداتېل، قانۇن خادىملىرى قاتارلىقلار

## بىرىنچى كۆرۈنۈش

سەھنە: ئىككى ئىشىكتە «شۇجى ئىشخانىسى»، «ئىدارە باشلىقى ئىشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

پەردە رەسمىي ئېچىلمىغان.

[ ئالدى پەردە. ئويۇن كۆرگۈچىلەر ئارىسىدىن قولىنى كەينىگە تۇتقان كېرەم تۇر سەھنىگە قاراپ غادىيىپ ماڭىدۇ. ئارقىسىدىن سومكا كۆتۈرۈۋالغان قادىر مەخسۇم قەددى ئېگىلگەن ھالدا بىردەم ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ ئېگىلىپ، ھېجايغان ھالدا بىر نېمە دەپ، ئۇ سول تەرەپكە غادىيىپ قارىۋالسا، دەرھال ئارقىسىدىن ئېگىلگەنچە سول تەرەپكە ئۆتۈپ بىر نېمىلەرنى دەپ، سوكۇلدىغان ھالدا ئەگىشىپ ماڭىدۇ.]

يادىن بايان: ھۆرمەتلىك ئويۇن كۆرگۈچىلەر، مانا بۇ ئاراڭلاردىن چىقىۋاتقان ئىككى كىشىدىن ئالدىدا غادىيىپ ماڭغان ئادەمنى سىلەر بىر قاراشتىلا بىرەر باشلىق، دەپ پەرەز قىلالايسىلەر. راست، ئۇ بىزنىڭ ئىدارىنىڭ يېڭى كەلگەن باشلىقى. ئەمما بىز سىلەرگە تونۇشتۇرماقچى بولغان ئادەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ كېلىۋاتقان بىچارە خۇشامەتچى قادىر مەخسۇم. گەرچە سىلەر ئىدارىلەردە، مەھەللىلەردە ۋە جەمئىيەتتە نۇرغۇن خۇشامەتچىلەرنى كۆرگەن بولساڭلارمۇ، ئەمما ئۇلار ھىيلە - مىكىردە بىزنىڭ قادىر مەخسۇمنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ.

[ چۈشەندۈرۈش تۈگەش بىلەن تەڭ كېرەم تۇر بىلەن قادىر مەخسۇم سەھنىگە چىقىپ بولىدۇ. قادىر مەخسۇم يانچۇقىدىن بىر قاپ ئالىي تاماكا چىقىرىپ پېچەتتىنى بۇزۇپ، بىر تالنى كېرەم تۇرغا تۇتۇپ، بىرىنى ئاغزىغا قىستۇرىدۇ.]

قادىر مەخسۇم: كىپ جويجاڭ، چېكىسىلە. بۇ جاڭۋا ئۆزى پاكىستاننىڭ ئالىي دەرىجىلىك تاماكىسى. (چاقماق يېقىپ ئاۋۋال كېرەم تۇرنىڭكىنى، ئاندىن ئۆزىنىڭكىنى تۇتاشتۇرىدۇ.)

كېرەم تۇر: ھە، ھىم، خېلى بولىدىكەن. راست، بولىدىغىنىدىكەن.

قادىر مەخسۇم: بولمايدىغان نېمىنى تەڭلىمەيمەن جۇمۇ. كىپ جويجاڭ سىلە تېخى يېڭى كەلدىلە، بۇ ئىدارىدىكى ئادەملەرنى چۈشەنمەيلا. ئىچىدە توڭگۇز قاتىرايدىغان ئاجايىپ ھەسەتخور ئادەملەر بار. ئاغزىدا ھېجىيىشىپ يۈرۈشكەن بىلەنزە، كىم نېمە ئىش قىلىدۇ، بەك سەپسالىدۇ. بولۇپمۇ سىلىدەك باشلىققا.

كېرەم تۇر: بىر ئىدارىدە ئىشلەۋاتقان خىزمەتداشلار بولغاندىكىن بىر - بىرىگە مەسئۇل بولسا ياخشى ئەمەسما.

قادىر مەخسۇم: چىك ئاي، ئۇنداق دېمىسىلە دەيمەن. ھەي، بوپتۇ، كېيىن بىلىپ قالارلا.

[ كېرەم تۇر ئەتراپقا سىنچىلاپ نەزەر سالىدۇ. قادىر مەخسۇم كېرەم تۇرنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۆڭ ئېلىپ ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئەينەن دوراپ، ئۇ قاياققا قارىسا ئۇمۇ شۇ ياققا قارايدۇ.]

قادىر مەخسۇم: ھەي، مانا، مانا، كۆڭۈللىرىدىكىنى بىلدىم. سىلە تۇنۇگۈن: ئەتە شەھەر بويىچە تازىلىق تەكشۈرىدۇ، دەپ پۈتۈن ئىدارىدىكىلەرگە ئالاھىدە چوڭ تازىلىق ئورۇنلاشتۇرغانتىلە. كۆرمەملا بۇ ئادەملەرنىڭ بويۇنتاۋلىقىنى. سىلىنى كۆزگە ئىلمىغاندەك ئىشنى خوجا كۆردىگە قىپتۇ. ئىدارىنىڭ ھاجەتخانىسىنى تازىلاشقىنى ھېچكىم يېقىن كەلمىگەن گەپ. بۇ، مۇنداق قاراشقا كىچىك ئىشتەك تۇرغان بىلەن، ماھىيەتتە سىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا بويسۇنۇش - بويسۇنماسلىق مەسىلىسى - دە! شۇنىڭ بىلەن مەن چىداپ تۇرالماي دەرھال تەشەببۇسكارلىقنى ئېلىپ، پاسكىنىچىلىقتىن، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماي ھاجەتخانىنى چىنىدەك پاكىز تازىلىۋەتتىم. كىرىپ كۆرگەيلا. مانا قارىسىلا ماخەلنىڭ قىلغان تازىلىقىغا. بۇ يەرلەرگە بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە بىرەر سۈپۈرگە تەگكەندەك ئەمەس. مانا ئەمدى باھالىغۇچىلار كەلسە كۆرۈپ، چوقۇم بىر مۇنچە جەرىمانە قويىدۇ.

كېرەم تۇر: مېنىڭچە، تۇنۇگۈن تازىلىق خېلى ئوبدان بولغان. كېچىدىن بوران چىققانتى ئەمەسمۇ؟!

قادىر مەخسۇم: ئۇنىمۇ شۇنداق. لېكىنزە، بوپتۇ بۇ گەپلەر تۇرۇپ تۇرسۇن. تازىلىقنى يەنە قىلىۋالارمىز. ئۆزلىرى بۈگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدە بىر يەرگە بارمايدىغانلا؟

كېرەم تۇر: ھازىرچە ئۇنداق بىر ئىشلار يوقتەك تۇرىدۇ. قانداق دەيلا؟

قادىر مەخسۇم: ئەمدى. . .

[ دەل شۇ چاغدا سەھنىنىڭ يان تەرىپىدىن تۆت - بەش ئەر - ئايال چىقىپ ئۇلارغا سالام بېرىپ ئۆتىدۇ. قادىر مەخسۇم گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالىدۇ.]

كېرەم تۆر: ھە، ئىشقا كېلىشىۋاتاملا. سالامەت تۇرۇشلا. (ئۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن باش لىڭشىتىپ سالاملىشىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن بىر - بىرىگە ئىما - ئىشارەت قىلىپ، كۆز قىسىشىپ، قادىر مەخسۇمنى مەسخىرە قىلىشىپ، بىردىنلا پاراقلىشىپ كۈلۈشكەچ پەردىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىشىدۇ. قادىر مەخسۇم ئۇلارغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قويىدۇ.)

كېرەم تۆر: ئۆزلىرى. . .

قادىر مەخسۇم: ھە، مانا. . . كۆرگەنلا ئەمدى، مانا مۇشۇنداق ئىچى تار، ئوسال خەق ئەمەسمۇ ئۇزى. «ئۇمۇچۇك ئۇمۇلىيەلمەپتۇ، ئۇمۇلىگەننى كۆرەلمەپتۇ» دېگەندەك، ئادەم بىرەر باشلىق بىلەن بىردەم - يېرىم دەم پاراڭلاشسا، شۇ زامات چىدىيالماي غەيۋەت - شىكايەت قىلىپ، خەقنى قاچىمسا، يېگەن - ئىچكىنى تېنىگە سىڭمەيدۇ بۇ نېمىلەرنىڭ. . .

كېرەم تۆر: (ئۇنىڭ گېپىدىن بىزار بولۇپ گېپىنى بۆلۈۋېتىدۇ.) سىلە بايا نېمە دېمەكچىتىلە؟

قادىر مەخسۇم: ھى - ھى - ھى. ھە راست، يادىمغا سالمىسىلا، ئۇنتۇپ قالغىلى تاس - تاماس قالىدىكەنمەن. سىلە ئىدارىگە كەلگەن ئىككى يېرىم ئايدىن بۇيان تازا كۆڭلۇمدىكىدەك ئالدىلىرىغا چىقىپ بولالمىدىم.

كېرەم تۆر: ياق - ياق، ئۇنداق دېمىسىلە. سىلنىڭ ئۆيىدە ئىككى قېتىم تازا كايىتىپ مېھمان بولغاندىن باشقا، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۆيىدىنمۇ قورۇق قالمىدۇق. شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە بۇنداق گەپنى قىلسىلا، ئادەمنى بەك خىجالەتچىلىكتە قويىدىكەنلا.

قادىر مەخسۇم: ياق - ياق، ئۇنداق دېمىسىلە، ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە. بۇ پەقەت تىرىكلىكنىڭ بىر نىشانىسى، ئىنسانچىلىق. بىز ئۇيغۇرلار ئۆز قەدىر - قىممىتىمىزنى تازا ئوبدان بىلىپ بولالماي، جاھاندىن نادانلىقتا كېتىدىغان خەقكەنمىز. بىرىگە ئىشلەپ تۇرۇپ، بىر - بىرىمىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلمىساق، بىر يەردىن بىركىم كېلىپ قەدىرلەمدۇ دېسىلە.

كېرەم تۆر: ئۇغۇ شۇنداق.

قادىر مەخسۇم: مەن مۇشۇ كىنو - تېلېۋىزورلاردا، چەت ئەللىكلەرنىڭ بىر - بىرىگە قىپ كەتكەنلىكلىرىنى كۆرۈپ شۇنداق ھەسرەتلىنىپ كېتىمەن. مەسىلەن: بىرەر ناخشا چولپىنى داڭ چىقارسا، ئۇرۇغ - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرى توگۇل تونۇمايدىغانلارمۇ كېلىپ ئۇنى تەبرىكلەپ گۇل تۇتۇپ، قۇچاقلاپ سۆيۈپ، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدىكەن. ئىش قىلىپ، مۇشتلاشچىسى بولامدۇ، ئالىمى، يازغۇچىسى بولامدۇ، بىرەرسىنىڭ كىچىككىنام بىر ئىشى ئوڭ كەلسە، ھەممىسى كېلىپ ئۇنى تەبرىكلەيدىكەن. بىزدىچۇ، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. كىمكى بىرەر ئىشتا غەلىبە قىلىش ئەمەس شۇ ئىشنى ئۆز يولىغا سېلىپ، ئوڭغا ماڭغۇزاي دېسە، ھەممىمىز: مەن تۇرۇپ سەن ئېشىپ كېتەمدىغان، دەپ ساغرىپ، تاتىرىپ، يىغىلىپ غەيۋەت قىلىپ، ئۆزىمىزچە ئۇنىڭغا ئۇچلۇكىمىز تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئىزلەيمىز. تويلىشىپ يولىغا تورسالىمىز، ئور كولايمىز. ئىشى بۇزۇلسا، بېشىغا كۈن چۈشسە خۇشلۇقتا بېشىمىز ئاسمانغا تاقىشىپ، تاماشا كۆرىمىز.

كېرەم تۆر: ئۆزىمىز قىلمايمىز، خەق قىلسا كۆرەلمەيمىز، دېسىلە.

قادىر مەخسۇم: ھەببەللى كي جۇيجاڭ. مەن دېمەكچى بولۇپ تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ تاپالماي قالغان گەپنى سىلە تاپتىلا. مانا بىز دەل شۇنداق، راست دېدىلە. مانا - مانا، نىيىتىمىز، ئويلايدىغىنىمىز، گېپىمىز بىر يەردىن چىقتى ئەمەسمۇ. ئەسلىدە تېپىشالماي يۈرگەن قەلبداش ئاغىنىلەركەنمىز. ۋاي ئىست، نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق تونۇشمىغاندىمىز.

كېرەم تۆر: ھېلىمۇ كېچىكمىدۇق، مانا بىر ئوبدان تونۇشۇپ، ئىچ سىرىمىزنى ئېلىشىۋاتىمىز-غۇ.

www.uyghurkitap.com

**قادىر مەخسۇم:** شۇنداق، شۇنداق. . . خۇدايىم بۇيرۇسا نۇرغۇن ئىشلار چوقۇم سىلە - بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكىدەك بولىدۇ. ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ ھېلىقى گېپىگە كېلەيلى. ئۆتكەن كۈنى بالامنى كۆرگۈم كېلىپ قېيىن ئاتامنىڭ ئۆيىگە بارغانتىم. ھە، راست، بالامنى قېيىن ئانام بېقىپ بېرىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟!

**كېرەم تۆر:** بالا تېخى بىرما؟

**قادىر مەخسۇم:** خۇدايىم بەرگىنى ئۈچ، ھازىر بارى بىر، بۇ يىل ئىككىگە كىردى، ئۆزى ئوغۇل، بەك كەپسىز.

**كېرەم تۆر:** ئەر - خوتۇن ئىككىلىرىنى ئىشلەيدۇ، دەپ بالىنى ئانىلىرى بېقىپ بېرىپ تولىمۇ ئوبدان ئىش بوپتۇ. دېمىسىمۇ، خىزمەتتىكى ئادەمگە بالا باقماق تەس.

**قادىر مەخسۇم:** راست دەيلا، كې جۇيجاڭ. شۇنداق قىلىپ، سىلىزە ناھايىتى يېتىشكەن، نەزەر دائىرىلىرى كەڭ، تولىمۇ كەمتەر، چىقىشقاق، رەسمىي بولىدىغان ئادەمكەنلا. مەن سىلىگە قول قويىدۇم.

**كېرەم تۆر:** ھى - ھى - ھى، ئاشۇرۇۋېتىدىلە.

**قادىر مەخسۇم:** ياق، ئەسلى ئالدىلىرىدا دېمەيتتىم، ئەمما زادى دېمىسەم كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ قىيىن ئاتىغا سىلىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋىدىم، ئۇ ئادەم سىلىنى كۆرمەي تۇرۇپ، سىلىگە قول قويىدى دېسىلە. قېيىن ئاتامۇ ئۆز ۋاقتىدا ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلىپ جىق باشلىقلارنى كۆرگەن. ئەمما سىلىدەك باشلىقنى ئاڭلىمىغان، كۆرمىگەن. شۇڭا، ھەر قېتىم بارسام سىلىنى بىر كۆرسەم، بىزنىڭ ئۆيگىمۇ باشلىۋالساق، دەپ تولىمۇ دەپكەتتى. سىلىگە ئاتاپ ئۆز قولۇم بىلەن سويىمەن دەپ بىر قويىنىمۇ بورداۋاتىدۇ. ئەتە چۈشتىن كېيىن ئۆيدىكىلەرنى ئېلىپ، بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ كەلسەك.

**كېرەم تۆر:** ھى - ھى - ھى. سىلىنىڭ ئۆي بىلەن دادىلىرىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغاننى ئاز دەپ، ئەمدى قوپۇپ قېيىن ئاتىلىرىنىڭ ئۆيىگىمۇ بېرىپ پاراكەندە قىلامدۇق.

**قادىر مەخسۇم:** ياق - ياق. ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، بايا دېيىشتۇققۇ، گەپ شۇنداق. (ئۇلار ئاستا پەردىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.)

[پەردە رەسمىي ئېچىلىدۇ. ئۇلار مۇڭداشقان پېتى سەھنىگە كىرىپ، ئىدارە باشلىقى ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ.]

**قادىر مەخسۇم:** ماڭا قارىسىلا. بىز ئەمدى ئۆز ئادەم بولۇپ قالدۇق. ئارىمىزدىكى ياتسىراش جەزمەن تۈگىسۇن، بولمىسا مەن خاپا بولۇپ قالىمەن. بۇندىن كېيىن بالىلىرى بازارغا چىقىپ گۆش، سەي - كۆكتات ئالىمەن، دەپ يۈرمىسۇن. مەن ئەتىگەنلىكى بازارغا چىقىمەن، مېنىڭ تونۇش - بىلىشىم جىق. قاسساپ - ناۋايدىن تارتىپ ئوتياشچىغىچە ئاغىنەم بار. گۆش - پۇش، سەي - كۆكتات دېگەنلەرنى ئۆزۈم بىلىپ، ئۇدۇللۇق ئەكىرىپ بېرىپ تۇرىمەن، ھەرگىز ئۆكسۈپ قالمايدۇ، غەم يېمىسىلە. مېنىڭ ھەر ئەتىگىنى ئىدارىغا بىر كۆرۈنۈپ قويۇپلا بازارغا چىقىپ ئاشۇنداق نەرسىلەرنى ئەكىلىپ قويىدىغان ئادىتىم بار.

**كېرەم تۆر:** ۋاي - ۋاي، بۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ. بۇ بەك ئېشىپ كەتتى. ھەر قانچە بولسىمۇ، بۇنداق قىلساق قاملاشماس.

**قادىر مەخسۇم:** نېمە ئىش ئېشىپ كېتىپتۇ. ۋاي، سىلە مېنى چۈشەنسىلە دەيمەن. ئۇ قانچىلىك ئىشتى. بىز دېگەن ئۆز ئادەم دەيمەن، كې جۇيجاڭ.

**كېرەم تۆر:** ماقۇل ئەمىسە، ئالغاچمۇ كەلسىلە، ما پۇلنى ئېلىۋالسىلا. يولۇم قىسقىرايدىكەن.

**قادىر مەخسۇم:** چېك ئاي . . . ئادەمنى ئۇنداق زاڭلىق قىلمىسىلا. سىلە مېنى نېمە كۆرۈۋاتىلا. مېنىڭ پۇلۇم ئۆتمەس پۇلمىكەنيا؟ بۇنداق قىلسىلا، مەن تېرىكىپ قالىمەن جۇمۇ. بۇ ئىش بىر بولدى، ئىككىنچى بولمىسۇن. ھە راست، بىر گەپنى ئۇزۇن بولدى كۆڭلۈمگە پۈكۈپلا كەلگىلى. بۇندىن كېيىن ساقاللىرىنى سۈرەپ، ئەتىگەندە سۇتكە چىقىپ يۈرمەي، بەھوزۇر ئۇخلاۋەرسىلە. ئۇنىمۇ ئۆزۈم توغرىلايمەن، ماقۇل ئەمىسە.

[قادىر مەخسۇم قول باغلاپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىدۇ. كېرەم تۆر رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ئىشخانىسىغا كىرىدۇ. ئۇ شىرەسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا ئىدارە شۇجىسى لى فاشىڭ كىرىپ كېلىدۇ. سالاپەتلىك ئولتۇرغان كېرەم تۆر شاپاشلاپ، پايپېتەك بولۇپ، يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ، ئورۇندۇق سۈرتۈپ كېتىدۇ.]

كېرەم تۆر: ۋاي، لى شۇجى، كەلسىلە، كەلسىلە، قېنى ماۋۇ ئورۇندۇققا كەلسىلە. (ئۇ ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ، لى فاشىڭنىڭ ئالدىغا قويىدۇ، لى فاشىڭ كۈلۈمسىرەپ، چوڭ سۈپەتلىك بىلەن چېچىنى سىلاپ ئولتۇرىدۇ.)

لى فاشىڭ: ھە... كې جۇيجاڭ، قانداقراق، ئىدارىغا، خىزمەتلەرگە كۆنۈپ قالغاندەك تۇرامسىز؟!

كېرەم تۆر: ۋاي كۆنەمدىغان لى شۇجى، كۆنەمدىغان. سىلىدەك تەجرىبىلىك، پېشقەدەم رەھبىرىم مېنى يېتەكلەپ تۇرغان يەردە ئەلۋەتتە كۆنۈپ قالىمەن - دە... (ئۇ سۆزلەۋېتىپ، ئېسىل تاماكا چىقىرىپ لى فاشىڭغا تەڭلەيدۇ. لى فاشىڭ ئاغزىغا قىستۇرغاندىن كېيىن، ئېھتىرام بىلەن چاقماق يېقىپ بېرىدۇ.)

لى فاشىڭ: ھې - ھې - ھې. ھە، يولداش كې جۇيجاڭ، ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى. بۇ يەردە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىمەك بەك تەس. بولۇپمۇ ئىدارىمىز زىيالىيلار مەركەزلەشكەن ئورۇن. ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتى بەك مۇرەككەپ. مۇھىمى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى-دەك نازۇك خىزمەتمۇ بار. ئىككىمىز ئىككى مىللەتكە ۋەكىللىك قىلساقمۇ، رەھبەرلىك خىزمىتىدە بىر جان، بىر تەن بولمىساق، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە ئاسانلا مىختا ئۇسسۇۋالىمىز.

كېرەم تۆر: راست دەيلا لى شۇجى، راست دەيلا. سىلە ئۇزۇن يىللىق پېشقەدەم رەھبەر، تەجرىبىگە باي. ئىدارىمىزنىڭ خىزمەتلىرىدە سىلىدىن ئايرىلسام خۇددى بېلىق سۇدىن ئايرىلغاندەك، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايمەن. شۇڭا ھەرگىزمۇ سىلىدىن بىسوراق بىر ئىش قىلمايمەن، سىلىنىڭ سىزغان سىزىقلىرىدىن چىقمايمەن، دەيدىغان ۋەدەم بار.

لى فاشىڭ: ھىم... دېگەنلىرىڭىز مېنىڭ ئويلىغانلىرىم بىلەن كۆپمۇ ئوخشاش چىقتى. مانا بۇ بىر جان، بىر تەن بولدى دېگەن شۇدە. ھا - ھا - ھا. رەھبەرلىك چوققىسىدا ئىككىمىز ئىتتىپاق بولمىساق، باشقىلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىدىن قانداق ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن. ھەممىسىنىڭ كۆزى بىز ئىككىمىزدە. ئىككىمىزدىن كىچىككىنە چاك چىقسا، ئاممىنىڭ ئىچىدە ھاڭ پەيدا بولىدىغان گەپ.

كېرەم تۆر: راست دەيلا زادى. خىزمەت تەقسىماتىدا كادىرلار خىزمىتىگە سىلە، مالىيىگە مەن مەسئۇل بوپتىكەنمەن. كېيىن مانداق ئويلاپ قارىسام، بۇ ئىش تازا مۇۋاپىق بولماپتۇ. مەن سىلىگە بىھۆرمەتلىك قىلغاندەك تۇرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىقتىسادىي ساھە بىلەن ئانچە تونۇشلۇقۇم يوق، شۇڭا مالىيىگىمۇ قوشۇمچە سىلە مەسئۇل بولۇپ بەرگەن بولسىلىرى...

لى فاشىڭ: ھا - ھا - ھا. كې جۇيجاڭ سىزنىزە... بارلىق ئېغىرچىلىقنى مەن قېرىغا يۈكلەپ قويماقچىكەنسىزدە.

كېرەم تۆر: «چوڭنىڭ ئەقلىمۇ چوڭ» دېگەن گەپ بار، لى شۇجى. ئەڭ ياخشىسى، مەن سىلىگە ئوقۇغۇچى، ياردەمچى بولسام دەيمەن.

لى فاشىڭ: تولىمۇ كەمتەركەنسىز. قارىغاندا، مەن ئادەم تاللاشتا خاتالاشماپتىمەن. بوپتۇ، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن. بۇ ئىشتا مەن سىزنىڭ پىكرىڭىزگە ھۆرمەت قىلاي. ئەمما لېكىن شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي كې جۇيجاڭ، مەن شۇجى، سىياسىي خىزمەتكە مەسئۇل. ئىقتىسادنى تۇتسام پرىنسىپقا ئۇيغۇن بولماسمىكىن.

كېرەم تۆر: ياق، ياق... ماۋجۇشىمۇ: «سىياسىي خىزمەت بارلىق ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنىڭ جان تومۇرى» دېگەن. بۇ ئىشتا چوقۇم ماڭا ياردەم قىلمىسىلا بولمايدۇ، ئۇنداق قىلماي لەۋزىمنى ئالسىلا.

لى فاشىڭ: ماقۇل، بۇ ئىشتا مەن

سىزنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قويۇپمۇ خاتىرجەم بولالمايمەن. مۇنداق بولسۇن، مالىيىگە دائىر ئەستىقلاش، چىقىم قىلىش ئىشلىرىدا ئىككىمىز با مەسلىھەت ئىش قىلايلى. قانداق؟

كېرەم تۆر: ياﺋاللا، رەھمەت سىلىگە لى شۈجى. ئۇستۇمدىن تۆگمەن تېشىنى ئېلىپ تاشلىغاندەك بولدۇم.

لى فاشاڭ: ها - ها - ها... ھە، بۇ گەپ مۇشۇنداق بولسۇن. ئەمدى مەن سىزگە دېمەكچى بولۇپ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كىرگەن گەپنى دەي: يېقىندىن بۇيان ئىدارە ئىچىدە بەزى مىش - مىش پاراڭلار پەيدا بولۇپ قۇلىقىمغا چۈشۈپ قالدى. سىزنى ئاسراش، كۆيۈنۈش يۈزىسىدىن بۇ گەپلەرنى سەمىڭىزگە سېلىپ، ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق تاپتىم. ئەگەر كۆڭلىڭىزگە كېلىدىغان يېرى بولسا، گېپىمنى قايتۇرۇۋالىمەن.

كېرەم تۆر: يوقسۇ، يوقسۇ، لى شۈجى. سىلىنىڭ گەپلىرى ماڭا ئاتا - ئانامنىڭ گېپىدىنمۇ قىممەتلىك دېسىلە. شۇنداق تۆرۈقلۇق كۆڭلۈمگە ئالامدىغان.

لى فاشاڭ: ياخشى، ياخشى... سىز ھەقىقەتەنمۇ تەقدىرگە توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان، ئاقكۆڭۈل، كەڭ قورساق رەھبىري كادىرغا خاس ئېسىل پەزىلىتىڭىزنى ئىپادىلىدىڭىز: ئۇنداقتا دەۋېرەي: قادىر مەخسۇم ئۇچىغا چىققان مەككار، قارانىيەت، خۇشامەتچى ئادەم. سىز ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. مەرھۇم جۇيجاڭ سىدىق ھوشۇر ئۇنىڭ خۇشامەتلىرى ئالدىدا تىز پۈكۈپ، ھىيلە - نەيرەڭلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپ، ئاخىرى خىيانەتچى بولۇپ، تۈرمىدە يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. قادىر دېگەن بۇ ئىككى يۈزلىمچى ھىيلىگەر تاز ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا زىددىيەت سېلىپ، بىزنى ناھايىتى چوڭقۇر زىددىيەت پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويۇپ، ئىدارىدە ئۆز بەگ، ئۆز خان بولۇۋالغانتى. ئاخىرى سىدىق ھوشۇر رەھمەتلىكنى ئۆز ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلتۈردى. ئۇ يەر ئىسلاھاتىدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان، بىر ئۆمۈر پارتىيە، خەلق ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىپ ئىشلىگەن ھەققانىيەتچى، پاك، ئادىل رەھبىري كادىر، ئېسىل پەزىلەتلىك مۇنەۋۋەر كوممۇنىست ئىدى. ئەنە شۇنداق ئالىيجاناب ئادەمنى ھەر قىساپ بىلەن ئازدۇرۇپ ئاخىرى جىنايەتچى قىلىپ قويغان ئاشۇ قادىر مەخسۇم. ئۇنىڭ ئايالىنىڭمۇ ئىستىلى ئانچە پاك ئەمەس. بۇ ھەممىگە ئايان. سىز قادىر مەخسۇم بىلەن بەك ئاپاق - چاپاق بولۇپ ھە دېسىلا ئۆيىگە كىرمەڭ. ئىدارىدا ئۇنى «يۈزمىشاقباش» دەپ ئاتايدۇ. «قادىر مەخسۇم يوقالماس» دەپ نەقلىسىمۇ بار. مەنمۇ ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا ئاز چۈشمىگەن. بۇ تازدىن ھېزى بولاي دەپ قانچە قەسەم قىلسامۇ، يەنە بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قىلتىقىغا بويۇنۇمنى تۇتۇپ بېرىۋاتىمەن، دەپ بەزىدە قاتتىق ئازابلىنىمەن. سىز تېخى ئۇنى مۇئاۋىن جۇيجاڭ قىلماقچىمۇ بوپسىز. مېنىڭچە، ئۇنىڭغا ئاشۇ ئىشخانا مۇدىرلىق ۋەزىپىسىمۇ ئارتۇقلۇق قىلىدۇ. خەقلەر ئۇنى: «سەل ئۇستۇرۇپ قويسا، دېڭ شياۋپىڭنىڭمۇ ھوقۇقىنى تارتىۋالىدۇ» دېيىشىدۇ. بۇ تولىمۇ ئېشىپ كەتكەن بىمەنە چاقچاق. ئەمما ئادەمنى ئويغا سالىدىغان چاقچاق. (لى فاشاڭ چىقىپ كېتىدۇ. كېرەم تۆر سالپىيىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ.)

[ شۇ چاغدا ئىككى كىشى سەھنىنىڭ ئىككى چېتىدىن كىرىپ، بىرسى شۈجى ئىشخانىسىغا كىرىدۇ، بۇ قادىر مەخسۇم. يەنە بىرسى ئىدارە باشلىقى ئىشخانىسىغا كىرىدۇ، ئۇ نۇر مۇھەممەت. چىراغ ئۆچۈرۈلۈپ - ياندۇرۇلۇش ئارقىلىق ئىككى ئىشخانىدىكى ئىشلار ئويۇن كۆرگۈچىلەرگە نۆۋەت بىلەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.]

شۈجى ئىشخانىسى.

قادىر مەخسۇم: (سومكىسىدىن ھەر خىل نەرسىلەرنى چىقارغاچ) لى شۈجى، مانا سىلە ئامراق پاخلان گۆشى. پەقەت يېغى يوق. ھەممە يېغىدىن ئايرىتىپ ئالدىم. مانا ماۋۇ سىلە گېپىنى قىلغان ئالىي دەرىجىلىك تاماكا.

ئىدارە باشلىقى ئىشخانىسى.

كېرەم تۆر: (غادايغان ھالدا سالاپەت بىلەن ھۆججەتلەرنى كۆرگەچ) نەگە، قانداق كاماندورۇپ- كىغا باردىڭ؟

نۇرمۇھەممەت: ئاپەت تەگكەن چارۋىنىڭ سانىنى ئالغىلى يەكەنگە باردىم.

شۈجى ئىشخانىسى.

**لى فاشاڭ:** ۋاي قادىر مەخسۇم، بۇنداق قىلمىسىڭىز بولاتتى.

**قادىر مەخسۇم:** كۆڭۈلدە، كۆڭۈل. بۇ قانچىلىك ئىشتى، لى شۈجى. ماۋۇ شوخلا بىلەن لازىنىمۇ ئەرزانلا ئېلىۋالدىم. بىر قانچە كۈن ئوتياش ئالمىسىلىمۇ يېتىدۇ.

ئىدارە باشلىقى ئىشخانىسى.

**كېرەم تۆر:** ماقۇل، سەن چىقىپ تۇر، مەن لى شۈجى بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ باقاي. ئۇ ئادەم قوشۇلغاندىن كېيىن تەستىقلاپ بېرەيلى.

**نۇر مۇھەممەت:** ۋاي كې جۇيجاڭ... بۇ - بۇ...

**كېرەم تۆر:** ھە، بۇ دەيسەنغۇ؟!

**نۇر مۇھەممەت:** ئەمدى، مۇشۇ كاماندىروپ-كىنىمۇ شۈجى بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ، تەستىقلايدىغان ئىش چىقتىما؟!

شۈجى ئىشخانىسى.

**لى فاشاڭ:** بەك ئاۋارە بوپسىز، رەھمەت، رەھمەت سىزگە.

**قادىر مەخسۇم:** رەھمەت، رەھمەت دەۋەرمە-سىلە لى شۈجى، ئادەمنى خىجىل قىلىپ. تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىشلار بۇ. (ھەر ئىككىسى قاتتىق قاقاقلىشىپ كۈلۈپ كېتىدۇ.)

ئىدارە باشلىقى ئىشخانىسى.

**كېرەم تۆر:** (ئورنىدىن سەكرەپ تۇرىدۇ) ئۇكام، بىلىپ قوي! بۇ دېگەن ئىسلاھات دەۋرى، ئىشلار ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. (نۇرمۇھەممەت غەزەپ بىلەن ئىشخانىدىن ئېتىلىپ چىقىپ شۈجى ئىشخانىسىدىن چىقىۋاتقان قادىر مەخسۇم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ.)

**قادىر مەخسۇم:** ھە، نۇراخۇن ئاداش، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلە؟

**نۇرمۇھەممەت:** قويە ئاداش، بۇنداق جۇيجاڭنى. مەن تېخى خېلى سالاپەتلىك تۇرسا، نوچى جۇيجاڭمىكىن دېسەم، نەدىكى بىر ئۆتۈپ كەتكەن لاتىكەن ئەمەسمۇ؟

**قادىر مەخسۇم:** نېمە بولدى؟

**نۇرمۇھەممەت:** نېمە بولاتتى، مەن ياكى ئانامنىڭ كېسىلىنى باققىلى بارىمىسام، كاماندىروپكىنى شۈجىگە مەسلىھەت سېلىپ تەستىقلاي دەۋاتىدۇ. ئىلگىرى - كېيىن لاتاغىلاپ، ياغاچ پىچاقكەن دېگىنا. ئوڭلاپ كاماندىروپكىنى تەستىقلىيالمايدىغان نېمىسىگە جۇيجاڭ بولغىچە خوتۇنىنىڭ ئوسمىسىنى سىقىپ بەرسىچۇ.

**قادىر مەخسۇم:** ھەببەللى، مېنىڭمۇ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭ، ئاداش. ئالدىنقىسىنى لاتا دېسەم، بۇ قېتىمقىسى پايتىمىكەن ئەمەسمۇ، پايتىما. بوپتۇ ئاداش، كاماندىروپكاڭ قېرىپ قالمايدۇ. مەن تەستىقلىتىپ بېرىمەن بولمىسا. خاتىرجەم بولغىنا.

[نۇرمۇھەممەت چىقىپ كېتىدۇ. قادىر مەخسۇم ئۆزىنى تۈزەپ، ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىدۇ. بىر چىمەن دوپپىنى كېرەم تۆرنىڭ بېشىغا كەيدۈرىدۇ. پەردە چۈشىدۇ.]

## ئىككىنچى كۆرۈنۈش

قادىر مەخسۇمنىڭ ئۆيى. بىر كارىۋات قويۇلغان، ئىچكىرى ئۆينىڭ ئىشىكى يېپىق ھالەتتە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كارىۋات يېنىدىكى ئۈستەلگە ئەينەك قويۇلغان. تۇزدەك ياسانغان قەدىرىيە ئەينەك ئالدىدا چېچىنى تاراپ، يۈزىگە كىرىم قىلماقتا. ئىچكىرى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، قادىر مەخسۇم ئالدىراپ تالاغا ماڭىدۇ. پات - پات سائىتىگە قاراپ، ئالاق - جالاق بولىدۇ. قەدىرىيە ئورنىدىن چاچراپ تۇرىدۇ.

**قەدىرىيە:** كەچ بولغاندا نەگە بارىسىلا؟

**قادىر مەخسۇم:** ھى، ھى... ئاشۇ يەرگىلا، خوتۇن.

**قەدىرىيە:** ئاشۇ يەر دېگەن قايەركەن ئۇ؟

**قادىر مەخسۇم:** ئۇنى... ئۇنى سوراپ نېمە

قىلىسەن؟ پەقەت بىر، ياق، ئىككى سائەتتىلام ئۇنۇپ بولىمەن. ئەگەر ئىككى سائەتتىلام ئۇنۇپ بولالمىسام مېنى نېمە قىلساڭ قىل.

**قەدىرىيە:** ئىسىت، سەندەك نېمە بىلەن ئۆي تۇتقىچە ئى كوچىدىكى مەدىكارغا تەگسەممۇ بېشىغا ئېلىپ خوتۇن قىلاردى.

**قادىر مەخسۇم:** سەن... سەن... ھېلى باكا بىر قويۇپ ئوتتۇز ئىككى چىشىڭنى تۆكۈۋېتىمەن جۇمۇ. ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە.

**قەدىرىيە:** بولسا، بىرنى قويۇپ باقە قېنى. سەن ئوغۇل بالىمۇ؟ ئاناڭ ئوغۇل بالىنىڭ شۇمىنىكىنى سالغان بولسا، لەۋزىڭدە تۇرۇپ بىرنى بىر سالە. مۇشتۇمۇڭنىڭ تەمى زادى قانداق؟ بىر تېتىپ باقاي. زادى ساڭا تەگكەنىڭياقى قاچان بىرنى قويارسىن، دەپ كېلىۋاتىمەن. شۇنداق قىلساڭ ئاسانراق قۇتۇلىمەنمۇ نېمە، سەن چاپلاندىدىن.

**قادىر مەخسۇم:** ھى - ھى - ھى. ساڭا چىدايمەنمۇ خوتۇن. سېنى ئۇرغىلى يا مەن ساراڭ بولمىسام.

**قەدىرىيە:** تۇفى... ھۇلاۋزا، لامزەللە.

**قادىر مەخسۇم:** ھېلى باكا بىرنى قويىمەن جۇمۇ، گەپ قىلمىسا.

**قەدىرىيە:** ھە، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن لەۋزىڭدە تۇرۇپ، بىرنى قويە، زادى.

**قادىر مەخسۇم:** مانا ئەمىسە دەپ بىرنى قويغىچە ئالەمنى بېشىڭغا كىيەرسەن ھېلى، يۈزۈمنى چۈشۈرۈپ، ھەممە يەردە ئەرز قىلىپ.

**قەدىرىيە:** يا ئەرز قىلارمەن، يا قىلماسمەن. بىرنى قويە زادى.

**قادىر مەخسۇم:** ئوبدان خوتۇن، ئادەمنى ئۇنداق خاپا سالما دەيمەن. سېنى باكادىن باكا ئۇرۇپ كۆڭۈل ئاغرىقى تاپقىچە، ئاشۇ چىرايلىق مەڭزىڭگە بىرنى سۆيۈپ قوياي.

**قەدىرىيە:** كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرماي نېرى تۇرە يۈزى قېلىن ئوغرى. ئەر كىشى سەندەك لاۋزا، تېتىقسىز بولماس دۇنيادا. ئىسىت، ئىسىت، نېمىشقىمۇ تېگىپ قالغان بولغىيتتىم سېن لىڭتاسىمغا. كوچىدىكى ھاراقكەشكە تەگسەمچۇ كاشكى، قەھرىمۇ بار، مېھرىمۇ بار.

سەندەك بېلىنىڭ تۆۋەن يېنىغا سۆيۈق ئاش بارمىغان لاتا، غىلاپ مازدىن ئۆلۈكى ئارتۇق.

**قادىر مەخسۇم:** نېمىشقا ھاراقكەشكە تەگمەي، ماڭا تەگدىڭ ئەمىسە. ھەقاچان، خىزمەت ئورنۇم، يۇقىرى ماڭاشىمنى دەپ تەگكەن بولغىيتتىڭ.

**قەدىرىيە:** چىرايلىق ياسىنىپ، گالستۇك تاقاپ، چىمەن دوپپا كىيىپ، «مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن زىيالىي، ئۇنىۋانىم ئىنژېنېر» دەپ يۈرسەڭ، تېگىپتىكەنمەن. ھۇ... ھۇ... ئىسىت، زىيالىي، ئىنژېنېر دېگەنمۇ سەندەك ماز بولامدۇ؟

**قادىر مەخسۇم:** ئاغزىڭنى يىغ، ھېلى باكا جۇمۇ. (ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرۈپ بولۇپ، ياندۇرۇۋالىدۇ.)

**قەدىرىيە:** ۋايجان، ئادەم بارمۇ. ما قاتىل مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى قوپتى. (قۇلاقنى يارغۇدەك چىرقىراپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ يىغلايدۇ.)

**قادىر مەخسۇم:** ۋاي ئوبدان خوتۇن، جېنىم خوتۇن، مەن خۇش بولاي، بۇنداق سەت چىرقىرىماڭلا. قوشنىلار ئاڭلىسا سەت تۇرىدۇ. ئىككى پۇللۇق يۈزۈم قالمايدۇ. مەن نەدە سىلىنى ئۇردۇم؟

**قەدىرىيە:** ئاڭلىسۇن، تازا ئاڭلىسۇن! ھۇ ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان رەسۋا ئوغرى. سېنىڭ نەدە ئىككى پۇللۇق ئىناۋىتىڭ بارتى؟ ئۇرمىدىم دەپ تېنىۋالالمايسەن، تازا يىغلايمەن، تازا... ھۇ... ھۇ... ھۇ...

[نۇرمۇھەممەت كىرىدۇ.]

**نۇرمۇھەممەت:** ۋاي، يانا نېمە بولۇشتۇڭلا ئاداش؟

**قادىر مەخسۇم:** (ئۆزىنى كاچاتلاپ) كۆر... كۆرمەمسەن ئاداش، ما خوتۇننىڭ يولسىزلىقىنى. يوقىلاڭ ئىشقا ئادەمنىڭ مىجەزىنى چېچىپ، جېدەل قىلىۋاتىدۇ. چىقىشىپ مانداقلا ئىتتىرىپ قويسام كۆكەملىك قىلىپ، مېنى ئۇردۇڭ دەپ...

**قەدىرىيە:** ھە، ئۇرمىدۇڭمۇ لامزەللە! مانداقلا ئىتتىرىپ قويسام دەيدا تېخى بۇ قارا يۈز. گەپ قىلمىسا، يوقىلاڭ ئىشقا جېدەل قىلىۋاتىدۇ

ۇ سىلە؟ ياكى [illegible] تۇرغىنى
بولىدىكەن ـ ھە.
ەخسۇم: ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام
جىم. بىز دېگەن مۇشۇ كەپنىڭ
ئادەملەر. ئەمما سىلىدەك يىلىغا 7
ۇرۇلۇش قىلىدىغان بايۋەتچىلەر بەك
مۇشۇ كۈنلەردە.
ھۆددىگىرى: چاقچاقلىرىنى
سىڭ كەينىدىن يېتىشىپ بولالماي
كېلىپ قالدى جۇمۇ بۇرادەر.
ەخسۇم: تۈنۈگۈن ئۆيلىرىگە تېلېفون
ىدىم. نەگە كەتكەنتىلە؟
ھۆددىگىرى: نەگە بولاتتى،
ەپكە پۇل ئىشانە قىلىدىغان يىغىن
يەرگە تۇتۇلدۇم.
ەخسۇم: ھە، ئىلتىپاتىڭلا قانچىلىك

ھۆددىگىرى: ھازىرچە بەش مىڭنى

ەخسۇم: ۋاي، خېلى جايىدا بوپتۇ.
ھۆددىگىرى: بولدى ئاداش،
قويۇپ، نان تېگىدىغان گەپنى
رەڭلارنىڭ قۇرۇلۇشنى زادى ماڭا
ىچكىرىدىن چىققانلارغىمۇ؟
ەخسۇم: ھى ـ ھى ـ ھى. جىلىڭ
گەپنى قىلامۇ؟
ھۆددىگىرى: ماڭىمۇ شۇ گەپ

بولمايدۇ، بۇرادەر. ھازىر زامان شۇنداق بولۇۋا-
تامدۇ؟!

قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى: ياللا، ھەر قايسىڭلىنىڭ نەپسىڭلار نېمانداق يامان؟ ئاز بولۇپ قالدىمۇ تېخى. شۇنچىۋالا پۇلنى ھەر قايسىڭلىغا بەرسەم، ماڭا بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تىشالىك بىلەن چىلىكى قالامدۇ؟

قادىر مەخسۇم: چىدىمىسىلا، سىلىگە زور يوق غوجام. ئىچكىرىدىن چىققان قۇرۇلۇشچىلار پۇلنى كۆزۈمگە تىقىپلى تۇرغىلى خېلى بولدى. «ھە» دەپ قويسام، ھازىر چۈمۈلىدەك ياغىدۇ.

قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى: ئۆلاردەك قۇرۇلۇشنى قولنىڭ ئۇچىدا قىلىپ، زىيان بولسا تۆلەشكە چىدىماي قېچىپ كېتىدىغان كۆلىمىم يوق، ئاداش. تولا پوپوزا قىلماڭلا.

قادىر مەخسۇم: ئۇ باشقا گەپ. سىلە ھازىر ما گەپنى غاچچىدە ئۈزۈۋەتسىلە. سىلىنى ساقلايمەن. دەپ بىر مۇنچە ئىشىم ئۆلدى.

قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى: (بىردەم پېشانىسىنى تۇتۇپ ئويلىنىدۇ) بوپتۇ، پېشانەمدىن كۆردۈم. دېگىنىڭلا بولسۇن، قاچان ئالىسىلە؟

قادىر مەخسۇم: ئەتە كەچ سائەت توققۇز يېرىمدا، خانتەڭرى رېستورانىدا.

قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى: ماقۇل ئەمىسە.

قادىر مەخسۇم: رېستوراندىكى زىياپەتنى مول قىلىڭلا ـ ھە!

قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى: چاتاق يوق!


[قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى چىقىپ كېتىشىگە

قا جۇرىن، بار
بولىدىغان چاغ
قادىر مە
قۇرۇلۇشچى ھە
ئىچىدە كەڭرى
ـ 8 يەردە قۇ
كەم دىدارغۇ
قۇرۇلۇش
قويسىلا، ئىش
جان تۇمشۇقتا
قادىر مە
بىرىپمۇ ئالالم
قۇرۇلۇش
ھېلىقى، مەكت
بوپتىكەن، شۇ
قادىر مە
بولدى؟
قۇرۇلۇش
بەردىم.
قادىر مە
قۇرۇلۇش
قۇرۇق گەپنى
قىلىشايلى. ئىد
بىرەمسىلە يا ئ
قادىر مە
ئەللىك سەر گ
قۇرۇلۇش
لازىم.

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




《新疆文化》(维吾尔文)
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1994 - يىل 6 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主　管：新疆维吾尔自治区文化厅
主　办：新疆维吾尔自治区群众艺术馆
编　辑：《新疆文化》杂志编辑部
印　刷：新疆《工人时报》印刷厂
发　行：乌鲁木齐市邮局
订　阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئامموۋى سەنئەت يۇرتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقت گېزىتى» باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

国内统一刊号：CN65－1073/1
本刊代号：58－22　定价：1.20

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65－1073/1
ۋەكالەت نومۇرى: 58-22 باھاسى: 1.20 يۈەن